بسم الله الرحمن الرحيم

# حسن بوستہ هرهر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بسم الله الرحمن الرحيم

ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعـ
روف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون *
مەئرۇپ قىلىدىغان دەۋەت (ئىسلامغا) ياخشىلىققا ئاراڭلاردىن«-
ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائەت بولسۇن، ئەنە
ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر» (3:104)

## بسم الله الرحمن الرحيم

### 1. ھىزبۇتتەھرىر.

ھىزبۇتتەھرىر سىياسىي ھىزب بولۇپ، ئۇنىڭ مەبدىئى ئىسلامدۇر. سىياسەت ئۇنىڭ ئىشى، ئىسلام ئۇنىڭ مەبدەئىدۇر. ھىزبۇتتەھرىر ئۇممەت (خەلق) ئىسلامنى ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان مەسىلە قىلىپ بەلگىلىۋېلىشىدا، ھەمدە خەلىفىلىك تىكلەپ الله نازىل قىلغان ھۆكۈمنى ھاياتقا قايتۇرۇشقا ئۇممەتنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇممەت ئارىسىدا ۋە ئۇممەت بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

ھىزبۇتتەھرىر روھىي ئۇيۇشمىمۇ، ئىلمىي ئۇيۇشمىمۇ، تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيۇشمىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلامىي پىكرەت ئاساسىغا قۇرۇلغان سىياسىي ئۇيۇشمىدۇر. ئىسلامىي پىكرەت ھىزب

جىسمىنىڭ روھى، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە جېنىدۇر.

## 2. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش سەۋەپلىرى

ھىزبۇتتەھرىر الله تائالانىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن ۋۇجۇتقا كەلدى.

ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعـروف وينهون من المنكر واولئك هم المفلحون *

«ئاراڭلاردىن ياخشىلىققا (ئىسلامغا) دەۋەت قىلىدىغان، مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائەت بولسۇن. ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر». (3:104)

ھىزب ئىسلام ئۈممىتى يېتىپ بارغان غەپلەتتە ئۇخلاشتىن ئۇنى ئويغىتىش ۋە كۇفرى پىكىرلىرى، قانۇنلىرى ۋە ھۆكۈملىرىدىن، كافىر دۆلەتلەر ھۆكۈمرانلىقى ۋە نوپۇزىدىن ئۇنى ئازات قىلىش مەقسىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن.

شۇنىڭدەك، الله نازىل قىلغان ھۆكۈم قايتا جارى بولۇشى ئۈچۈن ئىسلامىي خەلىپىلىك دۆلىتىنى ھاياتقا قايتۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۇنىڭ ئىستەك ۋە مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر.

سىياسىي ھىزبلار بولۇشىنىڭ شەرئەن ۋاجىپلىقى:

*ھىزب الله تائالانىڭ:

ولتكن منكم امة

«ئاراڭلاردىن بىر جامائەت بولسۇن». (3:104) دېگەن سۆزىگە جاۋابەن مەيدانغا كەلدى. چۈنكى بۇ ئايەتتە الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىككى ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى جامائەت مەۋجۇت بولۇشقا بۇيرۇدى. بىرىنچىسى، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئىككىنچىسى، مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇش.

ئۇيۇشقان جامائەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە قارىتىلغان بۇ بۇيرۇق



تەلەپ بولسىمۇ، بىراق بۇ ئورۇندا تەلەپنىڭ قەتئىيلىكىگە دالالەت قىلغۇچى قەرىنە بار، يەنى بۇ ئۇيۇشقان جامائەت بېجىرىشى ئۈچۈن ئايەت بەلگىلەپ بەرگەن — ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇش ئىشىنى بېجىرىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

شۇنىڭدەك، بۇنىڭغا دالالەت قىلىدىغان كۆپلەپ ئايەت ۋە ھەدىسلار باردۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇڭلار، مۇنكەر ئىشتىن قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب-ئوقۇبەت ئەۋەتىشى مۇمكىن. كېيىن ئۇنىڭدىن دۇئا قىلىپ، سورىساڭلارمۇ دۇئالىرىڭلار قوبۇل بولمايدۇ». بۇ ھەدىستىكى تەلەپ قەتئىي تەلەپ ۋە ئۇنىڭدىكى بۇيرۇق ۋاجىپ بۇيرۇق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

* بۇ ئۇيۇشقان جامائەتنىڭ سىياسىي ھىزب بولۇشىغا كەلسەك، بىر جەھەتتىن ئايەت مۇسۇلمانلار ئارىلىرىدىن بىر جامائەتنى بەرپا قىلىشلىرى تەلەپ قىلىنغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئايەت مانا شۇ سىياسىي جامائەت پائالىيىتىنىڭ يەنى ھىزب پائالىيىتىنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بەرگەن. مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇش مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇش ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىمۇ مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەلكى بۇ مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇشقا ئائىت ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىمىدۇر. چۈنكى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى مۇھاسىبە قىلىش ۋە ئۇلارغا يوليورۇق كۆرسىتىش، سىياسىي پائالىيەت بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىش ۋە سىياسىي ھىزبلار پائالىيىتىنىڭ ئەڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان تەرىپىدۇر.

مانا شۇ جەھەتتىنمۇ ئايەت سىياسىي ھىزبلارنى بەرپا قىلىش ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

لېكىن ئايەت ئۇيۇشمىلارنى پەقەت ئىسلامىي ھىزب بولۇشقا چەكلىدى، چۈنكى ئايەت بەلگىلىگەن مۇھىم ئىشلار، ئىسلام ئەھكاملىرىغا بىنائەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇشتۇر. بۇ ئىشلارنى پەقەت ئىسلامىي ئۇيۇشما ۋە ھىزبلا بېجىرىشى مۇمكىن.

ئىسلامىي ھىزب ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىدە بەرپا بولۇپ، ئۇ ئىسلامىي پىكىرلەر، ئەھكاملار ۋە مۇئامىلىلار يېشىمىنى تەبەننى قىلدى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت تەرىقىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەت تەرىقىسى بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيۇشۇش پىكرەت ۋە تەرىقەت جەھەتتىن ئىسلام ئاساسىدىن باشقا ئاساستا بەرپا بولۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى اللە تائالا مۇسۇلمانلارنى مانا شۇنىڭغا بۇيرۇغان ۋە يالغۇز ئىسلاملا بۇ ھاياتقا يارىملىق مەبدەئدۇر. ئىسلام ئىنسان پىترىتىگە ماس كېلىدىغان ئالەم شۇمۇل مەبدەئدۇر، ئۇ ئىنساننى ئىنسان دېگەن ئېتىباردا ئۇنىڭ مۇئامىلىلىرىغا يېشىم بېرىدۇ. غەرىزە ۋە ئەزا ئېھتىياجلىرىدىن ئىبارەت ھاياتى قۇۋۋەتلىرىنى مۇئالىجە قىلدى ۋە ئۇلارنى تەرتىپكە سالدى. غەرىزە ۋە ئەزا ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرىنى توسۇپ، ئىككىنچىسىنى بوش قويۇپ ياكى بىرىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچىسىنى قاندۇرماي، نازۇك تەرتىپ بىلەن توغرا تەرتىپكە سالدى. دېمەك، ئىسلام ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغۇچى كەڭ مۇكەممەل مەبدەئدۇر.

* اللە سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا چەمبەرچەس باغلىنىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. مەيلى ئۇلار ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئەھكاملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرى بىلەن ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى تەرتىپكە سالغان ئەھكاملار بولسۇن ياكى ئەخلاق، كېيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەكلەرگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلارنى تەرتىپكە سالغان ئەھكاملار بولسۇن ياكى مۇئامىلە



ۋە قانۇنچىلىققا ئوخشاش باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىلارنى تەرتىپكە سالغان ئەھكاملار بولسۇن.

اللە سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا مۇسۇلمانلارغا ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئىسلامنى تولۇق، مۇكەممەل قىلىپ تەتبىق قىلىشلىرىنى، ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشلىرىنى ۋە دەستۇر ۋە بارلىق قانۇنلىرى اللە نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان شەرئى ئەھكاملار بولۇشىنى ۋاجىپ قىلدى.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فاحكم بينهم بما انزل الله ولا تتبع اهواءهم عما جاءك من الحق *

—«(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن». (5:48)

يەنە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وان احكم بينهم بما انزل الله ولاتتبع اهواءهم واحذرهم ان يفتنوك عن بعض ماانزل الله اليك *

—«(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋازكەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن». (5:49)

اللە تائالا ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمەسلىكنى كۇفرى دەپ ئېتىبار قىلدى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ومن لم يحكم بما انزل الله فاولئك هم الكافرون *

—«كىملەركى اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن،

ئۇلار كاپىرلاردۇر». (5:44)

ئىسلامدىن باشقا مەبدەئلەر، كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم جۈملىدىن كوممۇنىزم مەبدەئلىرى ئىنسان پىترىتىگە ماس كەلمەيدىغان ناتوغرا مەبدەئدۇر. بۇ مەبدەئلەر ئادەملەر ئويلاپ تاپقان مەبدەئلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقى، نۇقسانلىق ۋە كەمچىلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى قوبۇل قىلىش، يېيىش ۋە ئۇلارغا دەۋەت قىلىش ھەمدە ئۇلار ئاساسىدا ئۇيۇشۇش ھارامدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيۇشىشى پىكرەت ۋە تا مت جەھەتىدىن پەقەت ئىسلام ئاساسىدا بولۇشى ۋاجىب. كاپىتالىزم، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تائىپىچىلىك ياكى مەزھەپچىلىك ئاساسىدا ئۇيۇشىشى ھارامدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ياكى كاپىتالىزم، مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تائىپىچىلىك ياكى مەزھەپچىلىك پارتىيەلىرىنى تەشكىل قىلىشى، ئۇلارغا ئەزا بولۇشى ياكى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلار كۇفرىغا چاقىرىدىغان كۇفرى پارتىيەلىرىدۇر. اللە تائالا مەرھەمەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ومن يبتغ غير الاسلام دينا فلن يقبل منه وهو فى الاخرة من الخاسرين

-«كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (3:85).

يۇقىرىدىكى [ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان] دېگەن ئايەتتىكى ياخشىلىق سۆزى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز بولمىغان ئىشنى قىلسا، ئۇ



رەت قىلىنىدۇ»، دېدى. يەنە: «كىمكى ئەسەبىيەتكە (تائىپىچىلىككە) دەۋەت قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس».

* ئەمما ئىسلام ئۈممىتىنى پېتىپ قالغان ئىنقىرازدىن قۇتقۇلدۇرۇش، ئۇنى كۇفرى پىكىرلىرى، قانۇن ۋە ئەھكاملىرىدىن، كاپىر دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە نۇپۇزىدىن ئازات قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىش ئۈممەتنىڭ ئىنقىراز بولۇشىغا سەۋەب بولغان كۇفرى پىكىرلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى تۈپ-ئاساسىدىن بىراقلا ئۆزگەرتىپ ئۈممەتنىڭ پىكرىي سەۋىيىسىنى كۆتىرىش ئارقىلىق ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ساغلام چۈشەنچىلىرىنى ئورنىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇچاغدا ئۈممەت ھاياتتىكى تۇرمۇش يولىنى ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا ئاساسەن شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۈممەت پېتىپ بېرىپ قالغان بۇ ئورۇنسىز ۋە ئېچىنىشلىق قالاقلىقنىڭ بىرلا سەۋەبى، ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئادا قىلىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىگە كىرىپ قالغان ئېغىر ئاجىزلىقتۇر. بۇ ئاجىزلىق ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى ئەسىردىن تا ھازىرغىچە ئىسلامنىڭ پىكرەت ۋە تەرەققىي ئۈستىنى ئورىۋالغان خىرەلەشتۈرۈش ئامىللىرى نەتىجىدە مەيدانغا كەلدى.

بۇ خىرەلەشتۈرۈش ئامىللىرى بىر نەچچە ئىشلار نەتىجىسىدە سادىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزگە پېقىن كۆرۈنىدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1. ھىند، پارس ۋە يۇنان پەلسەپەلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش. بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پەلسەپە بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىنى - بىر-بىرىگە تامامەن زىت بولسىمۇ - مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش.

2. ئىسلامنى خۇنۇك قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنى يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە دىنغا ئاداۋەتچى ۋە ئۆچمەنلىكى بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىسلامدىن بولمىغان پىكىرلەر ۋە ئەھكاملارنى بىلدۈرمەستىن

ئىسلامغا كىرگۈزۈۋېتىش.

3. ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى ئەسىرىدە ئىسلامنى چۈشۈنۈش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈشتە ئەرەب تىلىغا ئېتىبار بەرمەسلىك ۋە بۇ تىلنى ئىسلامدىن ئايرىۋېتىش. ھالبۇكى پەيدىلىنىپ تۇرغۇچى ۋاقىئە ۋە ھادىسەلەر ئۈچۈن يېڭى-يېڭى ھۆكۈملەرنى ئىجتىھاد يولى ئارقىلىق ئىشلەپ چىقىش ئەرەب تىلىسىز ئەمەلگە ئاشمايتتى، ھەمدە ئاللاھنىڭ دىنىنى بۇ تىلدىن باشقا تىل ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايتتى.

4. ئىسلامنى يوق قىلىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن بۇراش ۋە يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن مىلادىيەنىڭ ئون يەتتىنچى ئەسىرىدە كاپىر غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان مىسسىئونېرلىق ھەرىكىتى ھەمدە ساقاپىي ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر.

مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئۇرۇنۇشلار، ئىسلامىي ۋە غەيرىي ئىسلامىي بولغان بىر نەچچە ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بارچىسى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئۇرۇنۇشلار بولدى. بۇ ھەرىكەتلەر مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇلارنى ئۇلار چۈشۈپ كېتىۋاتقان ھالەتتىن توختىتىشقىمۇ قادىر بولالمىدى.

مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن بۇنداق ئۇرۇنۇش ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە يۈزلىنىشى بىر نەچچە ئىشلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ:

1. مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىشقا باشچىلىق قىلغان شەخسلەر (دۆلەت ئەربابلىرى، ئالىملار) غەربلەشتۈرۈش ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە ئىسلامىي پىكىرلەرنى نازۇك، ئىنچىكىلىك بىلەن چوڭقۇر چۈشەنمىگەن ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئىسلامغا ئاممىۋى ئۇچۇق شەكىلدە دەۋەت قىلدى. مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىشنى خالاۋاتقان، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىرىغا يېشىم بېرىش ۋە تەدبىق قىلىشنى خالاۋاتقان پىكىر ۋە ھۆكۈملەرنى، بۇ پىكىر ۋە ھۆكۈملەر



ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدىمۇ ئېنىق-روشەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق بەلگىلىۋالمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ۋاقىتلىقنى مەنبە قىلىپ، پىكىر قىلىشتا ۋاقىتلىقكە تاياندى. ئىسلامنىڭ نۇسۇسلىرى كۆتۈرەلمەيدىغان ھالدا تەئۋىل قىلىشتى. ۋاقىتلىق ئىسلامغا تامامەن زىت بولسىمۇ ئىسلامنى ۋاقىتلىقكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتى. ۋاقىتلىقنى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىقنى پىكىر قىلىش ئورنى قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم نىزاملىرىغا چاقىردى ۋە بۇلارنى ئىسلامدىن دەپ ئېتىبار قىلىشتى. ھالبۇكى بۇلار ئىسلامغا تامامەن زىت ئىدى.

2. ئىسلامنىڭ ئۆز پىكىرلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرىقىسىمۇ ئۇلارغا روشەن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئىسلامىي پىكىرنى ناتوغرا ئۇسلۇبلار بىلەن ۋە ئېنىق ئەمەس شەكىلدە يېيىشقا باشلىدى. ئىسلامنى ھاياتقا قايتۇرۇش — مەسجىدلەر قۇرۇش، كىتاب بېسىپ تارقىتىش ياكى خەيرىيە ۋە ئۆز-ئارا ياردەم قىلىش جەمئىيەتلىرىنى تەشكىل قىلىش ياكى ئەخلاقىي تەربىيە ۋە شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقلۇقى، كۇفرى پىكىرلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە قانۇنلىرى جەمئىيەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىقىدىن غەپلەتتە قالدى. جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇنىڭ شەخسلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ھالبۇكى، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇنىڭدىكى پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشاتتى، بۇلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن شەخسلەرمۇ ئىسلاھ قىلىناتتى. چۈنكى جەمئىيەت پەقەت شەخسلەردىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئۇ شەخسلەر ۋە ئالاقىلاردىن، يەنى شەخسلەر، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن ئىبارەتتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى، ئىسلامىي جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش

ئۈچۈن خۇددى شۇنداق يول تۇتقاندۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامى ئېتىقادقا ئائىت پىكىرلەر بىلەن ئاشۇ دەۋردىكى مەۋجۇت ئېتىقادلارنى ئۆزگەرتىشكە، ئىسلام پىكىرلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە ئەھكاملىرى بىلەن جاھىلىيەت پىكىرلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەملەردىكى جاھىلىيەت ئەقىدىلىرى، پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى بىلەن باغلىنىپ قالغان تۇيغۇلىرىنى ئىسلام ئەقىدىسى، پىكىرلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا باغلاش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە باشلىدى ۋە نەتىجىدە الله تائالا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىدە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە مۇۋەپپەق قىلدى، مەدىنە ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىمان كەلتۈردى، ئىسلام پىكىرلىرى، ئەھكاملىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. «ئىككىنچى ئەقەبە» بەيئىتى سادىر بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ زاتنىڭ ئەسھابلىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدە ئىسلامى جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

پاكى ئۇلار ئىسلام دىيارى بىلەن كۇفرى دىيارى ئارىسىنى، ھەمدە بۇ ئىككى دىياردا دەۋەتنى يېيىش ۋە مۇنكەرنى قانداق ئىنكار قىلىشنى ئايرىيالىغان ھالدا، ئىسلامنى ھاياتقا قايتۇرۇش ماددىي ئەمەللەر ۋە قورال كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. بىز مۇشۇ كۈنلەردە ياشاۋاتقان دىيار كۇفرى دىيارىدۇر. چۈنكى ئۇ كۇفرى ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتىكى مەككىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىياردا دەۋەتنى يېيىش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەۋەتنى يايغىنىدەك، ماددىي ئەمەللەر بىلەن ئەمەس، سىياسىي ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەتنىڭ ئۆزىگە چەكلىنىپ، ماددى ئەمەللەرنى



قوللانمىغان ئىدى. مەقسەت ئىسلام دىيارىدا الله تائالا نازىل قىلمىغان نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان ھاكىمنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى كۇفرى دىيارىنى پىكىرلىرى ۋە قانۇنلىرى بىلەن بىرگە ئۆزگەرتىش ئىدى. بۇلارنى ئۆزگەرتىش بولسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدە قىلغانلىرىدەك، كۇفرى دىيارىدىكى پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلارنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولىدۇ.

ئەمما الله تائالا نازىل قىلغان ھۆكۈم تەدبىق قىلىنىۋاتقان ئىسلام دىيارىنىڭ ھاكىمى ئەگەر ئوچۇق كۇفرى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى باشلىسا، مۇسۇلمانلار ئۇنى بۇ ئىشتىن قايتۇرۇشى، ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە قايتىشى ئۈچۈن مۇھاسىبە قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ھاكىم كۇفرى ھۆكۈمدىن قايتمىسا مۇسۇلمانلار ھاكىمغا قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە كەلگەن: «باشلىقلار بىلەن ئىشنى تالاشماسلىققا بەيئەت قىلىمىز، دەپ بەيئەت قىلىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «لېكىن باشلىقلاردىن كۇفرى ئىش ئىكەنلىكىگە الله تەرىپىدىن ئېنىق دەلىل كەلگەن، ئوچۇق كاپىرلىقنى كۆرسەڭلار (ئۇلاردىن باشلىقلىقنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا بەيئەت قىلىمەن)». ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئەۋفى ئىبنى مالىكنىڭ ھەدىسىدە: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلارغا قارشى قىلىچ يالىڭاچلاپ كۆرەش قىلمايمىزمۇ، دەپ سورالغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ياق، (كۆرەش قىلماڭلار)، ئۇلار ئاراڭلاردا نامازنى ئادا قىلىۋاتقان بولسىلا»، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ ھەدىستىكى «نامازنى ئادا قىلىش» سۆزى ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتىن كىنايىدۇر. بۇ ئىككى ھەدىستە ئىسلام دىيارىدىكى مۇسۇلمان ھاكىمنى مۇھاسىبە قىلىش ۋە مۇھاسىبە قىلىش قانداق بولىشى ھەمدە ئىسلام دىيارىدا ئاۋۋال بولماي كېيىن زاھىر بولۇپ قالغان ئوچۇق كۇفرىنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ھاكىمغا

قارشى قاچان ماددى كۈچ ئىشلىتىلىشى لازىملىقىنى بايان قىلىدۇ.

خەلىپىلىك دۆلىتىنى ۋە الله نازىل قىلغان ھۆكۈمنى ھاياتقا قايتۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەتكە كەلسەك، الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇسۇلمانلارغا شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ بارچىسىغا باغلىنىشنى، الله نازىل قىلغان ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى ۋاجىپ قىلدى. بۇ بولسا ئىسلام دۆلىتى ھەمدە ئادەملەرگە ئىسلامنى تەدبىق قىلغۇچى خەلىپە ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خەلىپىلىك دۆلىتىگە زەربە بېرىلگەندىن بۇيان مۇسۇلمانلار ئىسلام دۆلىتىسىز ۋە ئىسلام ھۆكۈمىسىز ھايات كەچۈرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلىپىلىكنى ۋە الله نازىل قىلغان ھۆكۈمنى ھاياتقا قايتۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىسلام ۋاجىپ قىلغان قەتئىي پەرزدۇر. ئۇ قەتئىي ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىختىيارغا ئورۇن يوق. ئۇ ھەقتە كۆڭۈلچەكلىك قىلىنمايدۇ. بۇ پەرزنى ئادا قىلىشتا سۇستكەشلىك قىلىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇنداق ئادەمنى الله تائالا قاتتىق ئازاپ بىلەن ئازاپلايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «كىمكى خەلىپىگە بەيئەت بەرمىگەن ھالدا ئۆلسە، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن كېتىدۇ». چۈنكى مۇشۇ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بۇ پائالىيەتكە نەپىقات ئىسلام ھۆكۈملىرىنى بەرپا قىلىش، بەلكى ئىسلامنىڭ ھايات مەيدانىدا مەۋجۇت بولۇشىغا باغلىقتۇر. ۋاجىپنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشمۇ ۋاجىپتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھىزبۇتتەھرىر ۋۇجۇتقا كەلدى. ھىزبۇتتەھرىر ئۇيۇشۇشنى ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇردى ۋە ئۆز غايىسىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى تەبەننى قىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئارقىلىق ئويغىتىش ئۈچۈن ۋۇجۇتقا



كەلگەن ئۇيۇشما. ھىزبلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئېلىپ بارغان بارلىق نۇقسان ۋە سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ تاپتى. نەتىجىدە اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ھەمدە اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا ماڭغان ساھابىلار ئىجماسى ۋە قىياسىدىن ئىبارەت ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن دەلىللەر ئاساسىدا پىكرەت ۋە تەرىقەتنى نازۇكلۇق بىلەن ئىدراك قىلغان، ئىسلام ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىكىنى پىكىرو قىلىش ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتە مەككىدىن تا مەدىنىدىكى ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغۇچىلىك بېسىپ ئۆتكەن دەۋەت تەرىقىتىنى ھىزب ئۆزىگە تەرىقەت سۈپىتىدە بەلگىلىدى. ئۇيۇشمىدىكى شەخسلەر ئۇتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان رابىتىنى بولسا ئەقىدە ۋە تەبەننى قىلغان ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى قىلىپ بەلگىلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىزبۇتتەھرىر — ئۈممەت ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قەدەم تاشلىشىغا لايىقتۇر. بەلكى ئۈممەت ھىزبنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى ھىزبۇتتەھرىر ئۆز پىكىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن، تەرىقىتىنى ئېنىق بىلگەن، تەقدىرىنى ھەل قىلغۇچى مەسىلىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات يوللىرىنى كۆز ئالدىغا سىزىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن زەررىچە ئېغىشماي، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەسلا چالغىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھىزبتۇر.

## 3. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ غايىسى

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ غايىسى ئىسلامي ھاياتنى قايتىدىن باشلاش ۋە ئىسلامي دەۋەتنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىشتۇر. بۇ غايە مۇسۇلمانلارنى، ھاياتتىكى بارلىق ئىشلار شەرئى ئەھكاملار بىلەن يۈرگۈزۈلگەن بولىشى

ئۈچۈن ۋە ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر ئىسلام دۆلىتى سايىسىدا ھالال ۋە ھارامدىن ئىبارەت بولسۇن ئۈچۈن، ئىسلام دىيارىدا ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئىسلامىي ھاياتنى قايتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دۆلىتى – مۇسۇلمانلار خەلىپىنى تىكلەپ اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە بىنائەن ۋە ئىسلامنى پۈتۈن ئالەمگە رىسالەت سۈپىتىدە دەۋەت ۋە جىھاد ئارقىلىق يېيىشنى شەرت قىلىپ، قولاق سېلىش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلىدىغان خەلىپىلىك دۆلىتىدۇر.

ھىزب ئۇممەتنى يارقىن پىكىر ياردىمىدە توغرا ئويغىتىشنى ۋە ئۇنى ئاۋۋالقى ئىززەت - شەرىپىگە قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ بەلگىلىدى. باشقا دۆلەتلەر، ئۇممەت ۋە خەلقلەردىن يېتەكچىلىك تىزگىنىنى تارتىۋېلىپ، ئۆتمۈشتە بولغاندەك ئىسلام ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئىش يۈرگۈزىدىغان، ئالەمدە ئەڭ بىرىنچى دۆلەتنى ئۇممەتكە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، ھىزب بەشەرىيەتنى ھىدايەت تەرەپكە يېتەكلەشنى ۋە ئىسلام يەر يۈزىگە تامامەن يېيىلغۇچە كۇفرىغا، ئۇنىڭ قانۇن ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشنى، ئۇممەتنى يېتەكلەشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ بەلگىلىدى.

## 4. ھىزبۇتتەھرىرگە ئەزالىق

ھىزب ئۆز ئەزالىقىغا ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانلارنى ئەرەپمۇ، باشقا سىللەتمۇ، ئاق تەنلىكمۇ ياكى قارا تەنلىكمۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن باراۋەر ھىزب بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭلىرى، مىللىتى ۋە ئىرقىدىن قەتئىنەزەر بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنى يېيىش ۋە ئىسلام قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى ھىزب ھەممىگە ئىسلام نەزەرى بىلەن قارايدۇ.

ھىزبكە شەخسلەرنى باغلاش يولى بولسا ئۇلارنىڭ ئىسلامىي



ئەقىدىنى قوبۇل قىلىشى، ھىزبىي ساقاپەت بىلەن پىشىپ يېتىلىشى ھەمدە ھىزبنىڭ پىكىرلىرى ۋە رەئيلىرىنى تەبەننى قىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. شەخس ھىزب بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ھىزب بىلەن بىرگە دەۋەتنى ئېلىپ يۈرۈپ، ھىزب پىكىرلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى تەبەننى قىلغان ۋاقىتتا ئۆزىنى ھىزبكە باغلىغان بولىدۇ. ھىزب ئەزالىرىنىڭ ئارىسىنى باغلاپ تۇرغان رابىتە بولسا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە شۇ ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان ھىزبىي ساقاپەتتۇر. ھىزبتا ئاياللارنىڭ ھەلقىسى ئەرلەرنىڭ ھەلقىسىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ئاياللار ھەلقىسىغا ئەرلىرى ياكى مەھرەملىرى ياكى ئايال كىشى مۇئەررىپلىق قىلىدۇ.

## 5. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىشى

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىشى تۆۋەندىكىچە: بۇزۇق جەمئىيەتنىڭ ۋاقىئلىكىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت پىكىرلەرنى ئىسلامىي پىكىرلەرگە ئايلاندۇرۇش، شۇ چاغدا ئىسلام پىكىرلىرى ئەپكارى ئاممىغا ۋە چۈشەنچىلەرگە ئايلىنىدۇ ۋە بۇ چۈشەنچىلەر ئىسلامىي پىكىرلەرنى تەدبىق قىلىشقا ۋە شۇ پىكىرلەر ئاساسىدا پائالىيەت كۆرسىتىشكە ئۇلارنى ئۈندەيدۇ. اللە رازى بولىدىغان ئىشقا رازى بولىدىغان، اللە غەزەپلىنىدىغان ئىشقا غەزەپلىنىدىغان ۋە قوزغىلىدىغان تۇيغۇغا ئايلاندۇرۇش، جەمئىيەتتىكى ئۆز-ئارا ئالاقىلارنى ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە يېشىملىرىگە مۇۋاپىق باغلىنىدىغان ئىسلامىي ئالاقىلارغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ھىزب بېجىرىدىغان ئاشۇ ئىشلار سىياسىي ئىشلاردۇر، چۈنكى ھىزب بۇ ئىشلار بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى شەرئى ئەھكاملار ۋە يېشىملەر بىلەن باشقۇرىدۇ. چۈنكى، سىياسەت ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە يېشىملىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

بۇ سىياسىي ئىشلاردا، ئۇممەتنى ئىسلامنىڭ ئۆز ئىچىگە كىرىغى

ئۈچۈن ئىسلامىي سائادەت بىلەن تەربىيەلەش، بۇزۇق ئەقىدىلەر، خاتا پىكىرلەر، چىركىن چۈشەنچىلەر ھەمدە كۇفرى پىكىرلىرى ۋە رەزىللىكلىرى بىلەن تەسىرلىنىشتىن ئۇنى خالاس قىلىش جەھەتتە كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭدەك، بۇ سىياسىي ئىشلاردا پىكرىي كۈرەش ۋە سىياسىي كۈرەشمۇ كۆزگە روشەن تاشلىنىدۇ.

پىكرىي كۈرەش، كۇفرى پىكىرلىرى ۋە قانۇنلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ھەمدە خاتا پىكىرلەر، بۇزۇق ئەقىدىلەر، چىركىن چۈشەنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش، ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بايان قىلىش، خاتالىقىنى كۆرسىتىش ھەمدە ئۇلار ھەققىدىكى ئىسلامنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىشتا نامايەن بولىدۇ.

سىياسىي كۈرەش بولسا مۇستەملىكىچى كاپىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىش، ئۈممەتنى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە نۇپۇزىدىن ئازات قىلىش، مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىغا كىرىپ يېيىلغان ئۇلارنىڭ پىكرىي، مەدەنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا تومۇرلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاشتا نامايەن بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، سىياسىي كۈرەش ھاكىملارغا قارشى كۈرەش قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۈممەتكە قارىتا قىلغان خىيانەتلىرى ۋە ئۈممەتكە قارشى كاپىرلار بىلەن قىلغان ئىتتىپاقلىرىنى پاش قىلىش، ئۇلارنى مۇھاسىبە قىلىش، ئەگەر ئۇلار ئۈممەتنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى پايمال قىلسا ياكى ئۈممەت ئالدىدىكى ئۆز بۇرۇچلىرىنى ئادا قىلىشتا كەمچىللىككە يول قويۇپ مەلۇم بىر ئىشقا بىپەرۋالىق قىلسا ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىغا زىت ئىش قىلسا ئۇلارنى ئۆزگەرتىشتە نامايەن بولىدۇ.

دېمەك، ھىزبنىڭ بارلىق ئىشى سىياسىي ئىشتۇر. مەيلى بۇ ئىش ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە تەئەللۇق ئىش بولسۇن مەيلى ھۆكۈمنىڭ تاشقىرىدا



بولسۇن. ھىزبنىڭ ئىشى تەئلىم بېرىش ئەمەس، چۈنكى ھىزب مەدرىسە ئەمەس. شۇنىڭدەك، ھىزبنىڭ ئىشى ۋەز-خانلىق ۋە پەند-نەسىھەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىشى سىياسىي ئىشتۇر. ھىزب ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى ئۇلارغا بىنائەن ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھايات ۋە دۆلەت ۋاقىئەلىكىدە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

ھىزب ئىسلامنى تەدبىق قىلىدىغان دىن بولۇپ قېلىشى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى دۆلەتنىڭ ئاساسى ۋە دۆلەتتىكى دەستۇر ۋە قانۇنلارنىڭ ئاساسى بولۇشى ئۈچۈن يايدۇ. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى ئەقلىغا ئاساسلانغان ئەقىدەدۇر. ئۇ سىياسىي ئەقىدە بولۇپ، ئىنساننىڭ بارچە مۇئامىلىرى – ئىقتىسادىي، سىياسىي، مائارىپىي ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلىرىنىڭ بارچىسىنى مۇئالىجە قىلىدىغان نىزام ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

## 6. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ پائالىيەت ئورنى

ئىسلام ئالەمشۇمۇل مەبدەئ بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ بېشىدىلا ئالەمىي شەكىلدە ئىش باشلاش ئۇنىڭ تەرىقىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. بەلكى ئىسلامغا پۈتۈن ئالەمنى دەۋەت قىلىنىدۇ ۋە پائالىيەت مەيدانى قىلىپ بىر ياكى بىر نەچچە ئۆلكىلەرنى بەلگىلىنىدۇ ۋە ئاشۇ يەردە مۇستەھكەم ئورنىشىپ ئىسلام دۆلىتى بەرپا بولىدۇ.

توغرا پۈتۈن دۇنيا دەۋەتكە مۇناسىپ جاي، ئەمما ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن دەۋەت شۇ يەردىن باشلىنىشى زۆرۈردۇر. ئەرەب يۇرتلىرى ئىسلامىي يۇرتلارنىڭ بىر قىسمى، قۇرئان ۋە ھەدىس تىلى، ئىسلامنىڭ جەۋھىرى قىسمى ھەمدە ئىسلام سائادىتىنىڭ ئاساسى بولغان ئەرەب تىلىدا سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇشبۇ ئەرەب يۇرتلىرى ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پائالىيەت باشلاشقا ئەڭ

مۇناسىپ جايدۇر.

ھىزبنىڭ ئۇلۇغۋار باشلىنىش ئۇسۇلى ۋە دەۋىتى پەيشىمۇ ئەرەپ يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە بولدى، كېيىن دەۋىتى پەيشتا تەبەننى سۈرئەتتە كېڭەيتىپ، ئەرەپ ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ۋە ئەرەپ ئۆلكىلىرىدىن باشقا ئىسلامىي ئۆلكىلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.

## 7. ھىزبۇتتەھرىردە تەبەننى قىلىش

ئۈممەتنىڭ ۋاقىلىقى ۋە ئۈممەت يېتىپ بارغان ھالەتنىڭ ۋاقىلىقىنى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ياشاپ ئۆتكەن ئەسىر ۋاقىلىقىنى ھەمدە خۇلەفائىر راشىدىنلەر ئەسرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىنلار ئەسرىنىڭ ۋاقىلىقىنى ئۆگىنىش، پىكىر قىلىش ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىشتىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، دەۋەتنى باشلاپ تا مەدىنىدە دۆلەت بەرپا قىلغىچە دەۋرىدىكى دەۋەتنى يېيىش كەيپىيتىگە مۇراجىئەت قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە قانداق ھالەت كېچۈرگەنلىكىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئەگەشكەن ساھابىلار ئىجماسى ۋە قىياسقا مۇراجىئەت قىلغاندىن كېيىن، ساھابىلار ۋە تابىئىنلار ۋە ئىمام مۇجتەھىدلارنىڭ سۆزلىرىدىن چوڭقۇر بىلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن، ھىزبۇتتەھرىر پىكىرەت ۋە ئەرقەنگە تەئەللۇق ئەھكاملار، پىكىرلەر ۋە رەئىيلەرنى تەبەننى قىلدى. بۇ پىكىرلەر ۋە رەئىيلەر ۋە ئەھكاملارنىڭ بارچىسى ئىسلامىيدۇر. بۇ پىكىر، رەئىي ۋە ھۆكۈملەر ئارىسىدا غەيرى ئىسلامىي بىرەر نەرسە يوق ۋە ئۇلار ئىسلامدىن باشقا بىرەر نەرسىدىن تەسىرلەنگەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ھەممىسى ئىسلامىيدۇر. ئىسلامنىڭ ئۇسۇل ۋە نۇسۇسلىرىدىن باشقا نەرسىگە تايانغانمۇ ئەمەس. ھىزب بۇ ئىشلارنىڭ بارچىسىدا پىكىرگە تايىنىدۇ.

ھىزب ئۇشبۇ پىكىر، رەئىي ۋە ھۆكۈملەردىن ئىسلامىي ھاياتنى قايتا



باشلاش، خەلىپىلىك دۆلىتىنى تىكلەش ۋە خەلىپە سايلاش بىلەن ئىسلامىي دەۋەتنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈش يولىدىكى پائالىيىتىگە كېرەكلىك مىقداردىكىسىنى تەبەننى قىلدى.

تەبەننى قىلغان پىكىر، رەئىي ۋە ھۆكۈملەرنىڭ يىغىندىسى ھىزب تەرىپىدىن بېسىپ تارقاتقان كۆپ كىتاپلاردا ۋە ئادەملەرگە تارقىتىلغان نەشرىلەردە مۇجەسسەملەشكەن.

ھىزب بېسىپ تارقاتقان كىتاپلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئىسلام نىزامى
2. ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامى
3. ئىسلامدىكى ئىقتىساد نىزامى
4. ئىسلامدىكى ئىجتىمائى نىزام
5. ھىزبى ئۇيۇشما
6. ھىزبۇتتەھرىر چۈشەنچىلىرى
7. ئىسلامىي دۆلەت
8. ئىسلامىي شەخسىيەت (ئۈچ قىسىم)
9. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ سىياسىي چۈشەنچىلىرى
10. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ سىياسىي قاراشلىرى
11. دەستۇر مۇقەددىمىسى
12. خەلىپىلىك
13. خەلىپىلىك قانداق ئۆگىتىلدى
14. ئۇقۇبەتلار نىزامى
15. بەيىنات ھۆكۈملىرى
16. سوتسىيالىستىك ماركسىزمنى پارچىلاش
17. تەپەككۇر
18. زىرەكلىك سۈرئىتى

19. ئىسلامىي پىكىر
20. غەرب قانۇنلىرىدىكى «رىئايە قىلىش» نەزەرىيەسىنى پارچىلاش
21. قايناق نىدا
22. يۈكسەك ئىقتىسادىي سىياسەت
23. خەلىپىلىك دۆلىتىدىكى مال-مۈلۈكلەر.

شۇنىڭدەك، ھىزب مىڭلاپ نەشرىلەر، ئەسلەتمىلەر ھەمدە پىكرىي ۋە سىياسىي كىتابلارنىمۇ نەشرى قىلغاندۇر.

ھىزب بۇ پىكىرلەر ۋە ھۆكۈملەرنى ئادەملەرگە سىياسىي دەۋەت سۈپىتىدە يايىدۇ، ئادەملەر بۇ پىكىر ۋە ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارغا ئەمەل قىلىشى، ئۇلارنى ھۆكۈمگە ۋە ھايات ۋاقىئلىقىغا ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىشى ئۈچۈن ھىزب ئۇشبۇ پىكىر ۋە ھۆكۈملەرنى ئادەملەرگە بېرىدۇ، چۈنكى بۇ ئىش ئادەملەرگە ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم ۋاجىپدۇر. ھىزبكە بولسا ئىسلامىي ھىزب بولغانلىقى ۋە ھىزب ئەزالىرىغا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ھەم ۋاجىپدۇر.

ھىزب ئىسلامىي پىكىر ۋە ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلىشتا ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن كىتاب ۋە سۈننەتكە، كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەگەشكەن ساھابىلار ئىجماسى ۋە قىياسقا تايىنىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى تۆت دەلىلنىڭ ھۆججەتلىكى قەتئىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان دەلىللەردۇر.

## ھىزبۇتتەھرىرنىڭ تەرىقىتى

دەۋەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى پائالىيەت تەرىقىتى شەرئىي ھۆكۈملەر بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى پائالىيەت تەرىقىتىدىن ئېلىنغاندۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتتىكى بۇ تەرىقىتىگە ئەگىشىش ئاللاھنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىگە بىنائەن ۋاجىپدۇر:



لقد كان لكم فى رسول الله اسوة حسنة لمن كان يرجو الله واليوم الاخر وذكر الله كثيرا *

«سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» (33:21)

قل ان كنتم تحبون الله فاتبعوني يحببكم الله ويغفر لكم ذنوبكم *

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ» (3:31)

وما اتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا *

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار». (59:7)

يەنە شۇلارغا ئوخشاش بىر نەچچە كۆپلەپ ئايەتلەر باركى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنىڭدىن نەمۇنە ئېلىش ۋە قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار كۇفرى دىيارىدا ياشىماقتا. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىدىن باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىيارى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندىكى مەككىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتنى يېيىشتا مەككىدىكى دەۋر بىزگە نەمۇنە ئورۇن بولۇشى زۆرۈر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن تا مەدىنىگىچە ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغىچىلىك ياشاپ ئۆتكەن ھاياتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىلسە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەلگىلىرى ئېنىق بولغان باسقۇچلاردا ياشاپ، مۇئەييەن، كۆزگە ئېنىق تاشلىنىدىغان ئىشلارنى بېجىرگەنلىكى ئايان

بولدۇ. ھىزب ئۆزىنىڭ پائالىيەت تەرىقىتى، ھەرىكەت باسقۇچلىرى ۋە بۇ باسقۇچلاردا بېجىرىشى زۆرۈر بولغان ئىشلاردا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەت باسقۇچلىرىدا قىلغان پائالىيىتىنى ئۆزىگە نەمۇنە قىلىپ ئالدى.

شۇنىڭغا بىنائەن ھىزب ئۆزىنىڭ پائالىيەت باسقۇچىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلدى:

بىرىنچى باسقۇچ: ھىزبىي ئۇيۇشما پەيدا قىلىشتا ھىزبنىڭ پىكرىنى ۋە تەرىقىتىگە ئىمان كەلتۈرگەن شەخسلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن (مۇئەييەن ساقاپەت بىلەن) تەربىيەلەش باسقۇچى.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئۈممەتكە ئىسلامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈش باسقۇچى، شۇ چاغدا ئۈممەت ئىسلامنى ھايات مەيدانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ئاساسىي مەسىلە سۈپىتىدە تۇتىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ۋە ئىسلامنى ئۇمۇمىي ۋە مۇكەممەل ھالدا تەدبىق قىلىش ۋە ئۇنى پۈتۈن ئالەمگە رىسالەت سۈپىتىدە يېيىش باسقۇچى.

بىرىنچى باسقۇچنى قۇددۇستا مىلادىيەنىڭ 1953-يىلى ھىجرىيەنىڭ 1372-يىلىدا بۈيۈك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر ئىقتىدارلىق سىياسەتچى، قۇددۇستىكى شىكايەت مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، ئۇستاز تەقىيۇددىن نەبھانى (اللە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!) باشچىلىقىدا باشلىدى. ھىزب بۇ باسقۇچتا ئۈممەتنىڭ شەخسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ باغلىناتتى ۋە ئۇلارغا ئۆز پىكرىنى ۋە تەرىقىتىنى يەككە تەرتىپتە كۆرسىتەتتى. ھىزبنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان شەخسنى ھىزب ھەلقىلىرىدىكى تەرتىپلىك ساقاپەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن جەلپ قىلاتتى. شۇندىلا ئۇ ھىزب تەبەننىي قىلغان پىكىرلەر ۋە ھۆكۈملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئىسلام بىلەن تەسىرلەنگەن ئىسلامىي ئەقلىيە ۋە نەپسىيەدىن بەھرىمەن بولغان ئىسلامىي شەخسىيەگە



ئايلىنىدۇ ۋە دەۋەتنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ئەگەر شەخس مانا شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارسا ئۆزىنى ھىزبكە باغلىغان بولىدۇ ۋە ھىزب ئۇنى ئۆز ئەزالىقىغا قوشىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى ئاۋۋالقى باسقۇچىدا مانا شۇنداق قىلغان. بۇ باسقۇچ ئۈچ يىل داۋام قىلغان. ئۈچ يىل داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلارغا اللە ئۇ زاتقا ئەۋەتكەن ۋەھيىنى ئىزھار قىلدى. كىمكى ئىمان كەلتۈرسە، ئۇنى مانا شۇ دىن ئاساسىدا ئۆز تەرەپكە يوشۇرۇنچە قوشاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلامنى تەلىم بېرىش، نازىل بولغان ۋە بولىۋاتقان قۇرئاننى ئۇنىڭغا ئۆگىتىشتە قاتتىق ھەرىكەت قىلاتتى. شۇندىلا بۇ شەخس ئىسلام بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا يوشۇرۇنچە تەلىم بېرەتتى. ئۇلارمۇ ئىبادەتلىرىنى يوشۇرۇنچە ئادا قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلامنىڭ زىكرى مەككىدە يېيىلىپ كەتتى، ئادەملەر ئىسلام ھەققىدە سۆزلىشىشكە باشلىدى ۋە ئىسلامغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى.

بۇ باسقۇچتا ھىزب ئۆز جىسمىنى پۇختا بىنا قىلىشتا، شەخسلەرنى كۆپەيتىپ ئۇلارنى ھەلقىلەردە تەرتىپلىك ھىزبىي ساقاپەت بىلەن تەربىيەلەشكە قاتتىق ئېتىبارنى قارىتىدۇ، نەتىجىدە ھىزب ئىسلام بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ھىزب پىكىرلىرىنى تەبەننىي قىلغان، ھىزب پىكىرلىرى بىلەن ئويغۇنلاشقان ۋە ئادەملەرگە ئۇنى يايىدىغان ياشلاردىن ھىزبىي گورۇھنى تەشكىل قىلالايدۇ.

ھىزب بۇ ھىزبىي گورۇھنى تەشكىل قىلالىغاندىن كېيىن ۋە جەمئىيەت ئۇنى ھېس قىلىپ، ھىزبنى، ھىزب پىكىرلىرى ۋە ھىزب دەۋەت قىلىۋاتقان پىكىرلەرنى بىلگەندىن كېيىن ھىزب ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆتىدۇ.

بۇ باسقۇچ، ھىزب ئۈممەتكە ئىسلامنى يەتكۈزۈش، ھىزب تەبەننىي قىلغان پىكىرلەر ۋە ھۆكۈملەرگە نىسبەتەن ئۈممەتتە ئۇمۇمىي ئاڭ ۋە ئەپكار

ئامىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈممەتكە تەسىر ئۆتكۈزۈش
بىلىقۇچىدۇر. شۇڭدىلا ئۈممەت بۇ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ھايات
ۋاقىلىقىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە خەلىپىلىك دۆلىتىنى
بەرپا قىلىش، خەلىپە تىكلەش، ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاش ۋە ئىسلامىي
دەۋەتنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىشتا ھىزب بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت كۆرسىتىدۇ.

ھىزب بۇ باسقۇچتا ھەلقە بىلەن جامائىي شەكىلدە سۆھبەت
ئۆتكۈزۈشكە ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ باسقۇچتا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىدۇ:

1. ھىزب جىسمىنى كېڭەيتىش ۋە ئەزالىرىنى كۆپەيتىش، دەۋەتنى
يېيىشقا ھەمدە پىكرىي ۋە سىياسىي مەيدانىغا ئىشەنگۈدەك قادىر ئىسلامىي
شەخسىيەلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش مەقسىدە شەخسلەرنى ھەلقىلەردە
مەركەزلىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش

2. ئۈممەتكە ئاممىۋى ئاڭنى پەيدا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر
ئۆتكۈزۈش مەقسىدە مەسجىدلەردىكى دەرسلەردە، مەجلىسلەر، يىغىنلار ۋە
ئاممىۋى جايلاردا، گېزىتلار، كىتاپلار ۋە ۋەرەقىلەردە ئۈممەت ئىچىدە ھىزب
تەبەننى قىلغان ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى جامائىي شەكىلدە
چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىش.

3. كۇفرى ئەقىدىلىرى، تۈزۈملىرى ۋە پىكىرلىرىگە قارشى، بۇزۇق
ئېتىقادلار، خاتا پىكىرلەر ۋە چەكلىك چۈشەنچىلەرگە قارشى ئۇلارنىڭ
ساختىلىقى، خاتالىقى ۋە ئىسلامغا زىت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۈممەتنى
ئۇشبۇ پىكىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن پىكرىي
كۈرەش ئېلىپ بېرىش.

4. سىياسىي كۈرەش. بۇ كۈرەش تۆۋەندىكى ئىشلاردا نامايەن
بولىدۇ:

A) ئىسلامىي يۇرتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارغا تەسىرى
ئۆتكەن مۇستەملىكىچى كاپىر دۆلەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش



مۇستەملىكىچىلىكنىڭ پىكرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي
كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بارچىسىغا قارشى كۈرەش قىلىش، ئۇنىڭ
ھىلە-مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە تىل بىرىكتۈرۈشلىرىنى پاش قىلىشتا
نامايەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۈممەتنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىن خالاس قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەرقانداق تەسىرىدىن ئازات
قىلىشتۇر.

B) ئەرەب يۇرتلىرىدىكى ۋە ئىسلامىي يۇرتلاردىكى ھاكىملار
ئۈممەتنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئايىق ئاستى قىلغان ياكى ئۈممەت ئالدىدىكى ئۆز
ۋەزىپىسى ۋە بۇرۇچلىرىنى بېجىرىشكە سۇغۇق قانلىق بىلەن قارىغان ياكى
ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەرسىگە بىپەرۋالىق قىلغان ياكى ئىسلام
ئەھكاملىرىغا زىت سىياسەت يۈرگۈزگەن پەيتتە ئۇلارغا قارشى چىقىش،
ناتوغرا ئىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇلارنى مۇھاسىبە قىلىش ۋە ئۇلارغا
قارشى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىشلەردە نامايەن بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ كۇفرى قانۇن ۋە نىزاملىرىنى تەدبىق قىلىشقا
ئاساسلانغان باشقۇرۇشنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام بىلەن
باشقۇرۇشنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بېرىشتا نامايەن بولىدۇ.

C) شەرئى ھۆكۈملەرگە مۇۋاپىق ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تەبەننى
قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى شەرئى ئەھكاملىرى ئاساسىدا باشقۇرۇش.

ھىزب بۇ ئىشلارنىڭ بارچىسىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ
تائالانىڭ:

فاصدع بما تؤمر واعرض عن المشركين *

-«ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارغا پەرۋا
قىلمىغىن». (١٥:٩٤)

ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن ماڭغان يوللىرىغا ئەگىشكەن ھالدا ئەمەلگە
ئاشۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەن ئىسلامنى ئاشكارا

قىلدى. قۇرەيشلىكلەرنى ساپاغا توپلاپ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىمان كەلتۈرۈشلىرىنى تەلەپ قىلدى، دەۋەتنى شەخسلەرگە ئۇيۇشتۇرغانغا ئوخشاش جامائەتلەرگىمۇ ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىدى. قۇرەيشنى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلاھلىرى، ئېتىقاد ۋە پىكىرلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ساختىلىقى، چىكىنگەنلىكى ۋە خاتالىقىنى چۈشەندۈردى، ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارغا ھەمدە ئاشۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان بارچە ئېتىقاد ۋە پىكىرلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى. ئايەتلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كەينى-كەينىدىن نازىل بولۇپ، شۇ ئېتىقاد ۋە پىكىرلەرنىڭ چىرىك ۋە خاتالىقىنى بايان قىلدى، رىبا (جازانىخورلۇق) بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش، تارازىدا ئۇتۇپ قېلىش، قىز بالىلارنى تىرىك پېتى كۆمۈش ۋە زىنا قىلىشقا ئوخشاش ئىللەتلىرىنى قارىلىدى. شۇنىڭدەك، قۇرەيش رەھبەرلىرى ۋە باشلىقلىرىنى تەنقىد قىلدى، ئۇلارنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەخمەق ۋە تەنتەكلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا، دەۋەتلىرىگە ۋە ساھابىلىرىغا قارشى ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتقان پىتنە ۋە ئىغۋالىرىنى پاش قىلدى.

ھىزب ئۆز پىكىرلىرىنى يېيىۋاتقان پەيتتە، باشقا پىكىرلەر ۋە سىياسىي ئۇيۇشمىلارنى تىلغا ئېلىۋاتقان، كاپىر مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىۋاتقان ۋە ھاكىملارنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىۋاتقان پەيتتە ئوچۇق-ئايدىڭ بايان قىلىش يولىنى تۇتتى. خۇشامەت ۋە تىل ياغلىمىلىق قىلمىدى. ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىپ، چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئورۇنمىدى. ئاقىۋەت ۋە ۋەزىيەتلەردىن قەتئىينەزەر تىنچ ۋە ئازادە ياشاشنى ئەۋزەل كۆرمىدى. ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا زىت بولغان ھەرقانداق شەخسكە قارشى چىقتى. ھىزب بۇ ئىشلار ئاقىۋىتىدە ھاكىملارنىڭ قاتتىق ئازار بېرىشكە ۋە قىيناشلىرىغا، قاماشلىرىغا، قىرغىن قىلىش، ئازارەت قىلىش، تەسناتتىن مەھرۇم قىلىش، مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىش، سەپەرنىڭ مەنئى قىلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈشكە ئوخشاش ئازابلارغا دۇچار بولدى. زالىم ھاكىملار



ئىراق، سۇرىيە ۋە لىۋىيەدە ئۇنلاپ ھىزب يىگىتلىرىنى قەتل قىلدى، شۇنىڭدەك، ئىئوردانىيە، سۇرىيە، ئىراق، مىسىر، لىۋىيە ۋە تۇنىس قاماقخانىلىرى ھىزب يىگىتلىرى بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر. ھىزب بۇ ئىشلارنىڭ بارچىسىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇردى. رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئالەمگە ئىسلام رىسالىتىنى بارچىغا قارشى چىققان ۋە ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان ھەقىقەتكە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا ئېلىپ كەلدى. ئۆرۈپ-ئادەتلەر، قارىغۇلارچە تەقلىدلەر، ئېتىقادلارغا، ھاكىملار ۋە ئادىي خەلققە ۋە ئىسلام رىسالىتىدىن باشقا پىرىم ئەرسىگە ئېتىبار بەرمەستىن پۈتۈن دۇنياغا قارشى چىقتى، بارچە ئادەملەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى، قۇرەيشتىن باشلاپ، ئىلاھلىرىنى ئىسمىنى ئاتاپ تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىگە قۇدرىتى يەتمەيدىغان جانسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. قۇرەيشنى ئېتىقادلىرى يۈزىسىدىن بەھسكە چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە ئېتىقادلار ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يالغۇز بولۇپ، اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسلام رىسالىتىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسىدىن باشقا نە قورالى، نە ھەربىي تەييارلىقى، نە ياردەمچىسى بار ئىدى.

ھىزب ئۆز پائالىيىتىدە ھەقىقەتنى ۋە پىكىرلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە بايان قىلىش ۋە كۇفرىغا قارشى چىقىش يولىنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە پەقەت سىياسىي ئىشلارغا چەكلەندى. دەۋەتنىڭ ئالدىنى توسىۋاتقان شەخسلەرگە ياكى ھاكىملارغا قارشى ھېچقانداق ماددىي كۈچ ئىشلەتمىدى. بۇ ئىشتىمۇ ھىزب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى دەۋەتتىن ئۆرنەك ئالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىغا قەدەر ھېچقانداق ماددىي كۈچ ئىشلەتمىگەن ئىدى. ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان مۇسۇلمانلار مىنادىكىلەرگە قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ جەڭ قىلىشقا رۇخسەت سورىغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «بۇ ئىشقا تېخى

بۇيرۇلمىدۇق» دەپ جاۋاپ بەردى. اللە سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا ئۇشبۇ ئايەتتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ئاۋۋالقى پەيغەمبەرلەردەك ئازار-قىيناشلارغا سەبرە قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ولقد كذبت رسل من قبلك فصبروا علي ما كذبوا واوذوا حتي اتاهم نصرنا *

–«سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى؛ ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى». (6:34)

ھىزب ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا قارشى ماددى كۈچ ئىشلەتمەسلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىشنىڭ جىھاد ماۋزۇسىغا ئالاقىسى يوق. جىھاد قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ، ئەگەر كاپىر دۈشمەنلەر بىرەر ئىسلامىي يۇرتقا ھۇجۇم قىلسا، ئۇشبۇ يۇرت ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمانلىرىغا ئۇلارنى قايتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇشبۇ يۇرتتىكى ھىزبۇتتەھرىر يىگىتلىرىمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان سۈپىتىدە دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشى ۋە ئۇلارنى قايتۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان ئەمىر مەۋجۇت بولۇپ، اللەنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد ئېلان قىلسا ۋە ئادەملەرنى جەڭگە سەپەرۋەر قىلسا ھىزبۇتتەھرىر يىگىتلىرى مۇسۇلمان سۈپىتىدە بۇ يۇرتتىكى سەپەرۋەر قىلىنغانلار ئىچىدە ئەڭ بىرىنچى بولۇپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

ئۈممەت ئۈمىد بىلەن كۆز تىكىپ تۇرغان يېتەكچى باشلىقلىرىغا نىسبەتەن ئىشەنچىنى يوقىتىشى ئاقىۋىتىدە، رايون تۈرلۈك ھەر خىل پىلانلىق پىتنىلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان قىيىن شارائىت ئاقىۋىتىدە، ھاكىملار ئۆز خەلقىگە قارشى قوللىنىۋاتقان جەبرى زۇلۇم ھەمدە ھىزب ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە قارشى ھاكىملار قوللىنىۋاتقان جەبرى زۇلۇملار ئاقىۋىتىدە، بۇلارنىڭ بارلىق ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتىدە



جەمئىيەت مۇزلاپ قېتىپ قالغاچقا، ھىزب ياردەم بېرىشكە قادىر بولغانلاردىن نۇسرەت (ياردەم) تەلەپ قىلىشقا ئاتلاندى ۋە ئۇنى ئىككى مەقسەتتە تەلەپ قىلدى:

بىرىنچى: ھىزب ئۆز دەۋىتىنى خەۋپ-خەتەرسىز ئېلىپ بېرىشقا ئىمكان تېپىش ئۈچۈن ھىمايە ئىستەش مەقسىتىدە.

ئىككىنچى: خەلىپىلىكنى بەرپا قىلىش ۋە ئىسلامنى تەدبىق قىلىش ئۈچۈن ھاكىمىيەتكە يەتكۈزۈلۈپ قويۇش مەقسىتىدە.

ھىزب ياردەم سوراشقا ئاتنىت ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان پەيتتىمۇ ئاۋۋالقى ئىشلارنىڭ ھەرچىسىنى داۋام قىلدۇردى. ھەلقىلەردىكى تەرتىپلىك شەكىلدە ئوقۇتۇش، جاماتى سۈپىتىدىكى ساقاپەت بېرىش، ئۈممەت زېھنىگە ئىسلامنى يۈكلەش ۋە ئۇنىڭدا ئىمكارە ئىممىنى پەيدا قىلىش مەقسىتىدە پۈتۈن ئېتىبارىنى ئۈممەتكە قارىتىش، مۇستەملىكچى كاپىر دۆلەتلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى ۋە تىل بىرىكتۈرۈشلىرىنى ۋە ئۈممەتنىڭ زەرەرىگە تۈزۈلۈۋاتقان يامان نىيەتتىكى توختاملارنى پاش قىلىش، ھاكىملارغا قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئۈممەتنىڭ ئۇمۇمىي مەنپەئەتلىرىنى تەبەننىي قىلىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى داۋام قىلدۇردى.

ھىزب بۇ ئىشلارنى اللە ئۇنى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى غەلىبە، نۇسرەت ۋە زەپەرگە مۇۋەپپەق قىلىشىدىن ئۈمىدۋار بولغان ھالدا داۋام قىلدۇرماقتا، داۋاملاشتۇرىدۇ. اللە ئىسلام ئۈممىتىنى غەلىبە، نۇسرەت ۋە زەپەرگە مۇۋەپپەق قىلغان ۋاقىتتا مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن شاد-خۇرام بولىدۇ.

## ھىزبۇتتەھرىرنىڭ پىكرىتى

ھىزبۇتتەھرىر بەرپا بولغان ۋە ئۇنىڭدىكى شەخسلەر مەجمۇئەسى كەۋدىلەنگەن ھەمدە ئۈممەت ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي

مەسىلىسى سۈپىتىدە، تۇتقان پىكرەت ئىسلامىي پىكرەتتۇر. يەنى ئىسلامىي ئەقىدە، شۇ ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىققان، ھۆكۈملەر ۋە شۇ ئەقىدىگە ئاساسلانغان پىكىرلەر ھىزبنىڭ پىكرىسىدۇر.

ھىزب بۇ پىكرەتنى جەمئىيەتتە ئىسلامنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنى ھۆكۈمەتتىمۇ، ئالاقىلاردىمۇ ھاياتنىڭ باشقا ئىشلىرىدىمۇ ئىسلامنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي ھىزب سۈپىتىدە يېتەرلىك مىقداردىكىسىنى تەبەننى قىلدى. ھىزب تەبەننى قىلغان پىكىرلەرنىڭ بارچىسىنى نەشىر قىلغان كىتاپلىرىدا ۋە نەشىرلىرىدە، ھەر بىر ھۆكۈم، رەئىي ۋە چۈشەنچە ئۈچۈن ئالاھىدە مۇپەسسەل دەلىللەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق شەرھىلىگەن.

تۆۋەندە ھىزب تەبەننى قىلغان پىكىرلەر، ھۆكۈملەر، رەئىي ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نەمۇنەلەرنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

## ئىسلامىي ئەقىدە

ئىسلامىي ئەقىدە: «ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتاپلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ھەمدە، قازا ۋە قەدەرنىڭ ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ ئاللاھ تائالادىن، دەپ ئىشىنىش» دىن ئىبارەتتۇر.

ئىمان — دەلىلدىن كېلىپ چىققان، ۋاقىئلىككە مۇۋاپىق كەلگەن قەتئى تەستىق دېمەكتۇر. ئەگەر تەستىق دەلىلسىز بولسا ئىمان بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا قەتئىلىك يوق. تەستىق قەتئى بولۇشى ئۈچۈن قەتئى دەلىلدىن كېلىپ چىققان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەقىدىنىڭ دەلىلى قەتئى بولۇشى زۆرۈر، گۇمانلىق بولسا بولمايدۇ.

ئەقىدە «لا اله الا الله محمد رسول الله» — «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. گۇۋاھلىق بېرىش ئەلۋەتتە ئىلىمدىن (بىلگەندىن)، ئېنىق ۋە ئىشەنچ ۋە



تەستىقتىن كېلىپ چىقىپ بېرىلىدىغان بولۇشى، گۇماندىن بېرىلىدىغان بولماسلىقى لازىم. چۈنكى گۇمان ئىلىمنى ۋە ئېنىق ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

ئىسلامىي ئەقىدە ئىسلامنىڭ ئاساسى، ھاياتتىكى كۆز قاراشنىڭ ئاساسى، دۆلەتنىڭ ئاساسى ھەمدە، دەستۇر ۋە بارچە قانۇنلارنىڭ ئاساسى، شۇ ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرپا بولغان ئىسلام پىكىرلىرى، ئەھكاملىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلامىي ئەقىدە پىكرىي يېتەكچىلىك، پىكرىي ئۇل ۋە سىياسىي ئەقىدىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىققان ياكى ئۇنىڭغا ئاساسلانغان پىكىرلەر، ھۆكۈملەر، رەئىي ۋە چۈشەنچىلەر دۇنيا ئىشلىرىغا ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا تەئەللۇقتۇر. شۇنىڭدەك، ئاخىرەت ئىشلىرىغىمۇ تەئەللۇقتۇر. ئىسلامىي ئەقىدە دۇنيادىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭدا سودا-سېتىق، ئىجارە، ۋاكالەت، كاپالەت، مۈلۈكچىلىك، ئائىلە، شىركەتلەر ۋە مىراس ھوقۇقلىرى- شۇنىڭدەك، جىنايەتكە ئائىت بەلگىلىمىگە ئوخشاش دۇنيا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كېرەكلىكى، خەلىپىنى تىكلەش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى مۇھاسىبە قىلىش كېرەكلىكىگە تەئەللۇق ھۆكۈملەر ۋە جىھاد، سۈلھى تۈزۈش، تىنچلىق ۋە ئۇرۇش-جېدەل توختىتىش ھەمدە جازا ھۆكۈملىرى ۋە باشقا بارچە ھۆكۈملەر مەۋجۇت. ئىسلامىي ئەقىدە ئىنسان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەقىدىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ سىياسىي ئەقىدە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى سىياسەت ئىشلارنى باشقۇرۇش دېمەكتۇر. ئىسلامىي ئەقىدە كۈرەش ۋە جەڭلەردىن خالىي بولمايدىغان ئەقىدىدۇر. چۈنكى ئەقىدىنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش، ئۇنىڭ بىر خەلىپىدە بەرپا بولۇشى، خەلىپە ئۇنى ھىمايە قىلىشى، خەلىپە دائىم ئەقىدىگە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئاساسلانغان بولۇپ تۇرۇشى، ئەگەر ئىجرا قىلىش ۋە تەدبىقتا ياكى ئەقىدىنى رىسالەت سۈپىتىدە پۈتۈن ئالەمگە يېيىشتا كەمچىلىككە يول قويسا ئۇنى مۇھاسىبە

قىلىش دائىمى كۈرەشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىسلامىي ئەقىدە ئىبادەتتە، ئىتائەتتە ۋە قانۇن چىقىرىشتا اللەنى يېگانە دەپ بىلىشنى، بۇتلار، شەيتانلار، نەپسى ھاۋا ۋە شەخسلەردىن ئىبارەت مەخلۇقاتلارغا سېغىنىشنى ئىنكار قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا يالغۇز ئۆزى ياراتقۇچى، مەبۇد (ئىبادەت قىلىنغۇچى)، ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، پۈتۈن ئالەمنى تەسەررۇپ قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى، ياردەم بەرگۈچى بولۇپ، پۈتۈن ئالەم مۈلكى ئۇنىڭ قولىدا، پەقەت ئۇ ھەر بىر ئىشقا قادىر ۋە بۇ ئىشلارنىڭ بىرىرسىدە مەخلۇقات ئۇنىڭغا شېرىك بولالمايدىغان تەنھا زاتتۇر.

ئىسلامىي ئەقىدە پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەملەر ئەگىشىشى لازىم بولغان شەخس دەپ بىلىشنى، ئۇ زاتتىن باشقا ھېچكىمگە ئەگىشمەسلىكنى ۋە ئۇ زاتتىن باشقا ھېچكىمدىن ھېچنەرسە ئالماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىنى يەتكۈزگۈچىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر كىشىدىن ياكى مىللەتلەردىن ياكى مەبدەئلەردىن ياكى قانۇنچىلاردىن قانۇن قوبۇل قىلىش جائىز ئەمەس. بەلكى ئەگىشىش ۋە قوبۇل قىلىشتا يالغۇز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى يېگانە دەپ بىلىش ۋاجىپتۇر.

الله تائالا ئېيتىدۇ:

وما اتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا

— «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» (59:7)

وما كان لموءمن ولاموءمنة اذا قضي الله ورسوله امرا ان يكون لهم الخيرة من امرهم

— «اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ» (33:36)



فلا وربك لا يوءمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم،

— «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» (4:65)

فليحذر الذين يخالفون عن امره ان تصيبهم فتنة اويصيبهم عذاب اليم.

— «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن» (24:63).

ئىسلامىي ئەقىدە ئىسلامنى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇكەممەل ۋە تولۇق قىلىپ تەدبىق قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى، ئىسلامنىڭ بىر قىسمىنى تەدبىق قىلىپ، قالغان قىسمىنى تەرك قىلىش ھاراملىقىنى ھەمدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى تەدبىق قىلىشمۇ ھاراملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار اللە تائالانىڭ ئۇشبۇ:

اليوم اكملت لكم دينكم واتممت عليكم نعمتي ورضيت لكم الاسلام دينا

— «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تامام قىلدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (5:3) سۆزى رەسۇلغا نازىل بولغاندىن باشلاپ اللە نازىل قىلغان بارچە ئەھكاملارنى تەدبىق قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. چۈنكى اللەنىڭ بارچە ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلىش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىرسىنىمۇ ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى ۋە ساھابىلار بىرلىكتە زاكاتنى بەرمىگەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقان. چۈنكى ئۇلار بىرلا ھۆكۈمنى، يەنى زاكاتنى تەدبىق قىلىشتىن باش تارتتى. اللە بىر ھۆكۈم

بىلەن باشقا ھۆكۈم ئۈنتۇرىسىنى ئايرىۋەتكەن ۋە قۇرئاننىڭ بەزى قىسمىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزى قىسمىنى ئىنكار قىلغانلار ئۈچۈن دۇنيادا شەرمەندىلىك ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دېيدۇ:

أفتؤمنون ببعض الكتاب وتكفرون ببعض فما جزاء من يفعل ذلك منكم الا خزي في الحياة الدنيا ويوم القيامة يردون الي اشد العذاب

«سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتى دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر». (2:86)

ھىزب ئەقىدىگە ئائىت پىكىرلەردە، شۇنىڭدەك، ئەقىدىگە باغلىق بولغان ياراتقۇچى اللەنىڭ بارلىقى، پەيغەمبەرگە مۇھتاجلىقنى ئىسپاتلاش، قۇرئان الله تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقى، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ماۋزۇلارنى ھەمدە قەزا ۋە قەدەر، رىزق، ئەجەل، اللەغا تەۋەككۇل قىلىش، ھىدايەت ۋە زالالەت ماۋزۇلىرىنى ئەقلى دەلىللەر ۋە قۇرئان ھەمدە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەردىن ئىبارەت نەقلى دەلىللەر بىلەن بايان قىلىدۇ:

## شەرئى قائىدىلەر

«ئىش-ھەرىكەتلەردىكى ئەسلى (ئاساس) شەرئى ھۆكۈم بىلەن باغلىنىشتۇر» يەنى ھەر بىر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھۆكمىنى بىلگەندىن كېيىنلا بېجىرىش لازىم. «نەرسىلەردىكى ئەسلى (ئاساس) ھارام قىلىنغانلىققا دەلىل كەلمىگەن بولسا مۇباھلىقتۇر».



شەرىئەتكە قاراپ مۇسۇلمان ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى شەرئى ئەھكاملارغا مۇۋاپىق يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇلغان. الله تائالا ئېيتىدۇ:

فلا وربك لايؤمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم قىلىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ». (4:65)

وما اتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار». (59:7)

دېمەك مۇسۇلمان بارچە ئىشلىرىدا شەرئى ھۆكۈملەر بىلەن باغلىنىشى شەرت. «شارىئنىڭ بەندىلەر ئىشىغا تەئەللۇق بولغان خىتابى شەرئى ھۆكۈمدۇر». قايسى نەرسە ھەققىدە شارىئدىن خىتاب كەلمىگەن بولسا، ئۇ شەرئى ھۆكۈم بولمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر ئىش-ھەرىكەت ۋە ھەر بىر نەرسىنىڭ ھۆكمىنى ئەلۋەتتە شارىئ بايان قىلدى:

اليوم اكملت لكم دينكم واتممت عليكم نعمتي ورضيت لكم الاسلام دينا

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم». (5:3)

ونزلنا عليك الكتاب تبيانا لكل شيء

«ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق». (16:89)

شارىئنىڭ ئۇمۇمىي خىتابى نەرسىلەرنىڭ مۇباھلىقى ھەققىدە كەلگەن. مۇباھ شەرئى ھۆكۈمدۇر. چۈنكى مۇباھ، شارىئ ئىنسانغا قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارىنى بەرگەن ئىشتۇر. الله تائالا دېيدۇ:

هو الذي خلق لكم ما في الارض جميعا

-«ئۇ سىلەر ئۈچۈن يەردىكى بارلىق نەرسىنى ياراتقان زاتتۇر» (2:29)

وسخر لكم ما في السماوات وما في الارض جميعا

-«ئۇ سىلەر ئۈچۈن ئاسمانلاردىكى ۋە يەردىكى بارچە نەرسىنى بويسۇندۇردى». (45:13)

بۇ ئىككى ئايەت شۇ مەنانى چۈشەندۈرۈدۇكى، الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بىز ئۈچۈن يەر ۋە ئاسماندىكى يارىتىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نەرسىلەر مۇباھ بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسى مەخسۇس دەلىلگە مۇھتاج ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇباھلىقىنى ئىبارەت ئۇمۇمى بولغان دەلىلگە كىرىدۇ. الله تائالانىڭ

كلوا مما في الارض حلالا طيبا

-«زېمىندىكى ھالال-پاك نەرسىلەردىن يەڭلار». (2:168)

بۇنىڭ مەنىسى: ھەممە نەرسە ھالال، بىرەر نەرسە يېيىش ئۈچۈن دەلىلگە مۇھتاج بولمايدۇ، بەلكى ئۇمۇمى دەلىل ھەممە نەرسىنىڭ مۇباھلىقىدۇر. ئەمدى ئېشەك، تۈڭگۇز، يېقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىدەك، نەرسىلەرنى يېيىشنىڭ ھاراملىقى ھەمدە ھاراققا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشنىڭ ھاراملىقى ئەلبەتتە ھاراملىقنى ئىسپاتلىغۇچى دەلىلگە مۇھتاجدۇر. بۇلار ھاراملىقىنى ئىسپاتلىغۇچى دەلىل بىلەن ھەممە نەرسىنىڭ مۇباھلىقىنى چۈشەندۈرگۈچى ئۇمۇمى دەلىللەردىن مۇستەسنا بولۇپ قالىدۇ.

«ۋاجىبنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىش ۋاجىبدۇر» قائىدىسى.

«ئەسلىنى مەھكەم تۇتۇش» قائىدىسى.

«اللەنى رازى قىلىدىغان نەرسە ياخشىلىق، اللەنى غەزەپلەندۈرىدىغان



نەرسە يامانلىقدۇر» قائىدىسى.

«شەرىئەت چىرايلىق دېگەن نەرسە چىرايلىق، شەرىئەت سەت دېگەن نەرسە سەتتۇر» قائىدىسى.

«ئىبادەتلەر، كىيىملەر، تائاملار ۋە ئەخلاق ئىللەتلەنمەيدۇ، بۇلار ھەققىدە پەقەت نۇسۇستا چەكلىنىدۇ» قائىدىسى.

## شەرئى تەرىپلەر

شەرئى ھۆكۈم تەرىپى: «شارىئنىڭ بەندىلەر ئىشلىرىغا تەئەللۇق بولغان خىتابى». ۋاجىبنىڭ تەرىپى: «قىلىش قەتئى تەلەپ قىلىنغان ياكى قىلغۇچىغا ساۋاب بەلگىلەنگەن ۋە تەرك ئەتكەنگە جازا بەلگىلەنگەن ئەمەلدۇر». ھارامنىڭ تەرىپى: «قىلماسلىق قەتئى تەلەپ قىلىنغان ياكى قىلغانغا جازا بەلگىلەنگەن ئەمەلدۇر».

## شەرئى بولمىغان تەرىپلەر

پىكىرنىڭ، ئەقلى يولنىڭ، ئىلمى يولنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرىپلىرى. چۈنكى بۇلار مۇئەييەن ۋاقىتنىڭ تەرىپلىرىدۇر.

پىكىر، ئەقىل ۋە ئىدراك بىر مەنىدىدۇر، يەنى: «سەزگۈ ئەزالىرى ۋاسىتىسىدا ۋاقىئەلىكنى مېڭىگە ئۇزارتىلىپ، سابىق مەلۇماتلار ۋاسىتىسىدە ئۇشبۇ ۋاقىئەلىكنى تەپسىر قىلىش»گە پىكىر، ئەقىل ۋە ئىدراك دېيىلىدۇ.

پىكىر ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۆت نەرسە بولۇشى شەرت: ۋاقىئەلىك، ساغلام مېڭە، ھېس ئەزالىرى ۋە سابىق مەلۇماتلار. ئەقلى ئەمەلىيەت ھاسىل بولۇشى شۇنىڭدەك پىكىر، ئەقىل ياكى ئىدراك ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئۇشبۇ تۆت ئاساس جەم بولۇشى زۆرۈر.

ئەقلىي يول. نەرسىلەرنى ئىدراك قىلىش ئەمەلگە ئاشىدىغان يول، پىكىرلەرگە يېتىپ بېرىشتا ئەقىل ئىشلىتىدىغان يولدۇر، يەنى ئەقىل



www.uyghurkitab.com

پىكىرلەرنى ئىشلەپ چىقىپ بېرىش ئەمەلگە ئاشىدىغان كەيپىيەتكە پىكىر قىلىش يولى دېيىلىدۇ.

ئەقلىي پىكىر قىلىش يولى دېگىنىمىز، تەكشۈرۈلىۋاتقان نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى، ماھىيىتىنى بىلىشكە ئېرىشىش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان مۇئەييەن تەرتىپلىك ئېيتىلىدۇ. يەنى ۋاقىلىك سېزىلگەچكە، بۇ سەزگۈنى سەزگۈ ئەزالىرى ۋاسىتىسىدا مېڭىگە ئۆزارتىلىدۇ ۋە مەۋجۇت سابىق مەلۇماتلار ۋاسىتىسىدە ۋاقىلىك تەپسىر قىلىنىدۇ ۋە مېڭە ئۇشبۇ ۋاقىلىك ھەققىدە ئۆز ھۆكمىنى چىقىرىدۇ. ئۇشبۇ ھۆكۈم پىكىر ياكى ئەقلىي ئىدراكتۇر. ئەقلىي پىكىر قىلىش يولى ھېس قىلىنىدىغان ماددىلار ئۈستىدە بەھس يۈرگۈزۈشتە (مەسىلەن فىزىكىدا)، پىكىرلەر ئۈستىدىن بەھس يۈرگۈزۈشتە (مەسىلەن ئەقىدىلەر ۋە قانۇنچىلىق ئۈستىدە بەھس يۈرگۈزۈشتە) ھەمدە سۆزنى چۈشىنىشتە (مەسىلەن پىقھى ۋە ئەدەبىيات ئۈستىدە بەھس يۈرگۈزۈشتە) قوللىنىلىدۇ. بۇ يول نەرسىنى ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشكە ئېرىشىشنىڭ تەبىئىي ۋە ئەسلى يولىدۇر. ئۇشبۇ يول ئارقىلىق نەرسىلەر ئىدراك قىلىنىدۇ، ئىنسان ئۇشبۇ يول ئارقىلىق ئىدراك قىلماقچى بولغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىدراك قىلالىشى مۇمكىن.

ئىلمىي يول، نەرسىلەر ئۈستىدە تەجرىبە ئۆتكۈزۈش يولى ئارقىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان مۇئەييەن يولدۇر. ئىلمىي يول ھېس قىلىنىدىغان ماددىي نەرسىلەرنى ئېنىقلاشتا قوللىنىلىدۇ. ئەمما پىكىرلەرنى ئېنىقلاشتا بۇ يول قوللىنىلمايدۇ چۈنكى ئىلمىي يول پەقەت ئىلمىي تەجرىبىلەرگە خاستۇر. چۈنكى ئىلمىي يولدا ماددىنى مەلۇم بىر شارائىتقا ۋە ئۆز شارائىتى، ئەسلى ياكى سىرتىدىن باشقا پاكىتلارغا بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ۋە ئۇشبۇ ماددا بويسۇنغان ئەسلى پاكىتلار، شارائىتلارنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئۇشبۇ ماددىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ بېرىلىدۇ. لابوراتورىيەلەردە خۇددى شۇ



ئۇسلۇب قوللىنىلىدۇ.

ئىلمىي يول ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان نەتىجە قەتئىي نەتىجە بولمايدۇ، بەلكى ئۇ خاتا بولۇشى مۇمكىن بولغان تەخمىنەن، گۇمانلىق نەتىجىدۇر. ئىلمىي يولدىكى بۇنداق خاتالىق ئىلمىي ئىزدىنىشتە سادىر بولۇشى مۇقەررەر بولغان ئاساسلاردىندۇر.

ئىلمىي يول ئەقلىي يولدىن كېلىپ چىققان بىر بۆلەكتۇر. ئۇ پىكىر قىلىش ئۈچۈن ئاساس ئەمەس. ئىلمىي يولنى پىكىر قىلىشقا ئاساس قىلىشنىڭ ئىلاجى يوق. چۈنكى ئىلمىي يول بارلىق پىكىرلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنا بولىدىغان ئاساس ئەمەس، بەلكى ئاساسنىڭ بىر بۆلىكى، يەنى ئەقلىي يولنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. ئەگەر ئىلمىي يولنى پىكىر قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغان بولسا، كۆپلەپ بىلىم ۋە ھەقىقەتلەرنى تەكشۈرۈش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۆگىنىلىۋاتقان ۋە ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلەپ بىلىملەرنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ھالبۇكى ئۇشبۇ بىلىملەر ئەمەلدە مەۋجۇت ۋە ۋاقىلىكتە ھېس قىلىنماقتادۇر.

## جەمئىيەت

ئوتتۇرلىرىنى بىر خىل پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە بىر خىل نىزام باغلاپ تۇرغان ئىنسانلار يىغىندىسىنى جەمئىيەت دېيىلىدۇ. دېمەك، جەمئىيەت ئوتتۇرلىرىدا ئالاقىلار مەۋجۇت بولغان ئىنسانلار مەجمۇئەسىدۇر. ئىنسانلار مەجمۇئەسىگىلا ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانلار مەجمۇئەسى جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى جامائەتتۇر. جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان ئاساسلى ئۆز-ئارا ئالاقىلاردۇر. جەمئىيەتنىڭ تۈپەيلى بايانى ئىنسانلار، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە نىزام (تۈزۈم)لەر بولۇپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش، پىكىرلەرنى ئىسلاھ قىلىش، تۇيغۇ ۋە نىزامنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئالاقىلار ۋە ئالاقىلارنىڭ پەيشىلىرى بىلەن جەمئىيەتلەر بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ.

ئىسلامىي جەمئىيەت ياكى كوممۇنىستىك جەمئىيەت ياكى كاپىتالىستىك جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

## دۇنيادىكى مەۋجۇت مەبدەئىلەر

دۇنيادا ئۈچ مەبدەئ بار: ئىسلام، دېموكراتىك كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزم.

### دېموكراتىك كاپىتالىزم:

دېموكراتىك كاپىتالىزم غەرب دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ مەبدىئىدۇر. ئۇ دىننى دۆلەتتىن ۋە ھاياتتىن ئايرىشقا ئاساسلانغان مەبدەئدۇر. «پادىشاھنىڭ ھەققىنى پادىشاھقا بەر، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئاللاھقا بەر». ئۇشبۇ شوئارغا بىنائەن ھاياتتا ئىنسان قانۇنىنى ئۆزى ئىشلەپ چىقىدۇ.

بۇ مەبدەئ كۇفرى مەبدىئى بولۇپ ئىسلامغا زىتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قانۇن تۈزگۈچىدۇر ۋە يالغۇز ئاللاھلا بەشەرىيەت يەنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ دۆلەتنى ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ھاياتتىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆزى نازىل قىلغان شەرئى ھۆكۈملەر ئاساسىدا ۋاجىب قىلغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىزم مەبدىئىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرى ۋە قانۇنلىرىنى ئېلىش مۇسۇلمانلارغا ھارام، چۈنكى ئۇ كۇفرى مەبدەئى، ئۇنىڭ پىكىرلىرى كۇفرى پىكىرلىرى، قانۇنلىرى - كۇفرى قانۇنلىرى بولۇپ ئىسلامغا زىتتۇر.

### ئەركىنلىكلەر توغرىسىدا ئىسلامنىڭ پىكرى:

كاپىتالىستىك مەبدەئنىڭ كۆزگە ئېنىق تاشلىنىدىغان پىكىرلىرىدىن بىرى: ئىنسان ئەركىنلىكلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىدۇر. بۇ ئەركىنلىكلەر ئەقىدە ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، مۈلۈك ئەركىنلىكى ۋە شەخس ئەركىنلىكىدۇر. مۈلۈك ئەركىنلىكىدىن ئىقتىساد نىزامى ۋە مەنپەئەتكە ئاساسلانغان كاپىتالىزم نىزامى كېلىپ چىقتى، ئۇشبۇ



كاپىتالىستىك نىزامى زور مانوپوللىيەگە سەۋەپ بولدى ۋە كۇفرى غەرب دۆلەتلىرىنى خەلقلەرنى مۇستەملىكە قىلىش، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىشقا ئۈندىدى.

بۇ تۆت ئومۇمى ئەركىنلىكلەر ئىسلام ھۆكۈملىرىگە زىتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان ئۆز ئەقىدىسىدە ئەركىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئېتىقادىدىن يەنى ئىسلام ئەقىدىسىدىن قايتسا، تەۋبە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئۆز دىنىنى باشقا دىنغا ئالماشتۇرسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن.

مۇسۇلمان ئۆز پىكىرلىرىدىمۇ ئەركىن ئەمەس. چۈنكى: مۇسۇلمان پەقەت ئىسلام پىكىرلىرىنى پىكىر دەپ بىلىشى ۋە ئىسلام پىكىرلىرىدىن باشقا پىكىرلەر مۇسۇلماندا بولماسلىقى لازىم.

مۇسۇلمان مۈلۈكتىمۇ ئەركىن ئەمەس. ئۇ مۈلۈككە ئىگە بولۇشنىڭ شەرئى سەۋەپلىرى دائىرىسىدىن باشقا ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۈلۈك تېپىشى جائىز ئەمەس. ئۇ ئۆزى خالىغاندەك ۋە ئۆزى خالىغان يولى بىلەن مۈلۈككە ئىگە بولىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى مۈلۈككە ئىگە بولۇشنىڭ شەرئى سەۋەپلىرى بىلەن باغلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرىگە ئۆتمەسلىكى زۆرۈردۇر. يەنى مۇسۇلمان جازانىخورلۇق، ھاراق ۋە چوشقا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، ئېھتىكار (يەنى مانوپوللىيە) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەرئەن مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن مۈلۈك تېپىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ يوللار شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان مۈلۈكچىلىك يوللىرى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسى ئارقىلىق مۈلۈككە ئىگە بولۇشى ھارامدۇر.

شەخسى ئەركىنلىكمۇ ئىسلامدا يوق. دېمەك، مۇسۇلمان ئەركىن شەخس ئەمەس، بەلكى شەرىئەت كۆرسەتكەن يول بىلەن چەكلەنگەن. ئەگەر مۇسۇلمان ناماز ئوقۇمىسا ياكى روزى تۇتمىسا جازالىنىدۇ. ئەگەر مەست بولسا ياكى زىنا قىلسا جازالىنىدۇ. ئەگەر ئاۋال كىشى يالىڭاچ ياكى باسىنىپ

كۆچىغا چىقسا جازالىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىستىك نىزامدىكى مەۋجۇت ئەركىنلىكلەر ئىسلامدا مەۋجۇت ئەمەس ۋە ئۇ ئىسلام ئەھكاملىرىغا تامامەن زىتتۇر.

كاپىتالىستىك مەبدەئنىڭ ئېنىق كۆزگە تاشلىنىدىغان پىكىرلىرىدىن بىرى دېموكراتىيىدۇر.

## دېموكراتىيە ھەققىدە ئىسلامنىڭ پىكرى:

دېموكراتىيە خەلقنى خەلق بىلەن باشقۇرۇشتۇر. دېموكراتىك نىزامدا خەلق ئىرادە ۋە خوجايىنلىققا ئىگە. ئىجرا قىلىش ھوقۇقىمۇ خەلق قولىدا. خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۆز ئىرادىسىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. بىرەر كىشى خەلق ئۈستىدىن خوجايىن ئەمەس. شۇنىڭغا بىنائەن خەلق قانۇن تۈزگۈچىدۇر. خەلق ئۆزى خالىغان قانۇننى تۈزىدۇ، ئۆزى خالىغان قانۇننى بىكار قىلىدۇ. خەلق بۇ ئىشنى بىۋاستە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ خەلق ئارىسىدىن خەلق ۋەكىللىرىنى سايلايدۇ. خەلق ۋەكىللىرى خەلق تاللىغان نائىب سۈپىتىدە خەلق خالىغان قانۇنلارنى ئىشلەپ چىقىدۇ. خەلق ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ۋە ئىجراغا ئىگىدۇر. لېكىن خەلق ھاكىمىيەتنى بىۋاستە باشقۇرۇشنىڭ ئىلاجىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۆزى ئىشلەپ چىققان قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئۆزىدىن ئورۇن باسار سۈپىتىدە ھاكىملارنى سايلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غەرب كاپىتالىستىك نىزامىدا خەلق سەلتەنەت مەنبەسى. خەلق خوجايىن، خەلق قانۇن تۈزگۈچى، خەلق ئۆزى تۈزگەن قانۇننى ئۆزى باشقۇرغۇچىدۇر.

دېموكراتىيە نىزامى كۇفرى نىزامى بولۇپ، ئۇنى بەشەرىيەت ئويلاپ تاپقان. ئۇ شەرئى ھۆكۈملەردىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دېموكراتىيە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش كۇفرى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتۇر، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش كۇفرىغا دەۋەت قىلىشتۇر. ھەرقانداق ھالەتتە ھەم ئۇنىڭغا



چاقىرىش پاكى ئۇنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

دېموكراتىيە نىزامى ئىسلام ئەھكاملىرىغا زىتتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلار بارلىق ئىشلىرىنى شەرئىي ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇلغان. مۇسۇلمان اللەنىڭ قۇلى، ئۇ ئۆز ئىرادىسىنى اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە نەھيىلىرىگە بىنائەن يۈرگۈزىدۇ. ئۇممەت ئۆز ئىرادىسىنى ئۆز خاھىش-ئىرادىسى بىلەن باشقۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ خوجايىن ئەمەس. ئۇممەتنىڭ ئىرادىسىنى باشقۇرغۇچى، ئۇممەت ئۈستىدىن خوجايىنلىق قىلغۇچى شەرىئەتتۇر. شۇ سەۋەپتىن ئۇممەت قانۇن تۈزەلمەيدۇ. قانۇن تۈزگۈچى يالغۇز اللەدۇر. ئەگەر ئۇممەت ھەممىسى بىرلىكتە جازانىخورلۇق، ئىھتىكار (مونوپولىيە) ۋە زىناغا ياكى ھاراقكەشلىككە ئىتتىپاق قىلىشسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىتتىپاقلىرىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. چۈنكى بۇ ئىتتىپاق ئىسلام ئەھكاملىرىغا زىتتۇر. ئەگەر ئۇلار ئۇشبۇ ئىتتىپاقتا چىڭ تۇرىۋالسا، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىنىدۇ.

دېمەك، الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا سەلتەنەتنى، يەنى ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئۇممەتكە بەردى. الله تائالا ھاكىم (خەلىفە)نى سايلاش ۋە ئۇنى رەھبەرلىككە ئولتۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى ئۇممەتكە بەردى. شۇندىلا ھاكىم ئۇممەتنىڭ نائىب سۈپىتىدە ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ. الله تائالا خەلىفىنى بەيئەت يولى بىلەن تىكلەش كەيپىياتىنىمۇ ئۇممەتكە بايان قىلغان. مانا شۇ جەھەتتىن خوجايىنلىق بىلەن سەلتەنەتنىڭ پەرقى بىلىنىدۇ. خوجايىنلىق شەرىئەتنىڭكى، سەلتەنەت ئۇممەتنىڭكىدۇر.

## كوممۇنىزم

كوممۇنىزم ماددى مەبدەئ بولۇپ، ماددىدىن باشقا نەرسە بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئاساسلانغان. ئۇ ماددىنى ئەزەلدىن مەۋجۇت، ئاۋۋالمۇ،

ئاخىرىمۇ يوق دەپ ئېتىبار قىلىدۇ. ماددا يارىتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلمىغان، يارىتقۇچىنىڭ ئۆزى يوق. شۇنىڭدەك، قىيامەت كۈنىمۇ بولمايدۇ، دىن بولسا خەلقلەرنى ئۇخلاتقۇچى ئەپيۇندۇر، دەپ ئېتىبار قىلىدۇ.

كوممۇنىزم ماددىي مەبدەئ بولۇپ، ماددىي تەرەققىيات ۋە تارىخى تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئۈستىگە بەرپا بولغان. كوممۇنىزم ئەقىدىسىدە ماددا ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى بولۇپ، بارلىق نەرسە ماددىدىن سادىر بولۇپ، تەرەققى قىلىش يولى بىلەن پەيدا بولغان. كوممۇنىستىك نىزام ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرىدىن ئېلىنغان. ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرى ئۆسۈپ راۋاجلىنىشىغا قاراپ نىزامىمۇ راۋاجلىنىدۇ. كوممۇنىزمدا جەمئىيەت چۈشەنچىسى بەر، ئىشلەپ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇمۇمى يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىسى بىر نەرسە يەنى ماددىدىن ئىبارەت. قاچانكى تەبىئەت ئۆزىدىكى نەرسىلەر بىلەن بىرگە راۋاجلانسا، ئىنسانمۇ راۋاجلىنىدۇ ۋە پۈتۈن جەمئىيەت راۋاجلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن جەمئىيەت راۋاجلىنىشقا تەۋە بولۇپ قاچان جەمئىيەت راۋاجلانسا، ئۇنىڭ بىلەن شەخسمۇ راۋاجلىنىدۇ. شەخس جەمئىيەت بىلەن بىرگە چىشلىق چاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش ئايلىنىدۇ. كوممۇنىزم ئىشلەپ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە شەخسنىڭ ئىگە بولۇشىنى مەنئى قىلىدۇ ۋە ئۇنى دۆلەت مۈلكى دەپ ئېتىبار قىلىدۇ.

كوممۇنىزم مەبدەئى كۇفرى مەبدەئىدۇر. ئۇنىڭ پىكىرلىرىمۇ قانۇنلىرىمۇ كۇفرى پىكىر ۋە قانۇنلىرىدۇر. ئۇ ئۇمۇمى ۋە جۈزئىي جەھەتلىرىدە بولمىسۇن ئىسلامغا زىتتۇر.

ئىسلام — ماددا يارىتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى، ئۇ ئەزەلىي ئەمەس، پانى ئىكەنلىكىنى، ئىنسان يارىتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ۋە كائىناتتىكى بارلىق نەرسە يارىتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى، نىزام اللە تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ماددىنىڭ راۋاجلىنىشى ياكى



ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرى ياكى شۇنىڭدەك بەشەرىيەت تەرىپىدىن تۈزۈلمىگەنلىكىنى ھەمدە جەمئىيەت ئىنسانلار، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ تۈرلىرى جەمئىيەتتە تەدبىق قىلىنىۋاتقان نىزام بەلگىلىشىنى بايان قىلدى ۋە ئىسپاتلىدى. ئىسلامنى تەدبىق قىلىنىۋاتقان جەمئىيەت — ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرى قايسى تۈردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئىسلامىي جەمئىيەتتۇر. كاپىتالىستىك نىزام تەدبىق قىلىنىۋاتقان جەمئىيەت كاپىتالىستىك جەمئىيەتتۇر. كوممۇنىستىك نىزام تەدبىق قىلىنىۋاتقان جەمئىيەت — ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرى ئەينەن كاپىتالىستىك نىزامدىكى مەۋجۇت ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرى بولسىمۇ — كوممۇنىستىك جەمئىيەتتۇر.

## ھازارەت ۋە مەدەنىيەت

ھازارەت ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر مەجمۇئەسىدۇر. مەدەنىيەت بولسا ھاياتتىكى ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ماددى، ھېس قىلىنىدىغان شەكىللەردۇر.

ھازارەت ھاياتتىكى نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆزىگە خاس كۆرۈنۈشكە ئىگە. چۈنكى، ئىسلامىي ھازارەت غەرب ھازارىتىدىنمۇ، كوممۇنىستىك ھازارىتىدىنمۇ ئۆزگىچىدۇر، چۈنكى ئۇشبۇ ھازارەتنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىرى باشقىسىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىسلامغا تەلىمەن زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر شەكىلدىكى ھازارەتتىن — كوممۇنىستىك ۋە كاپىتالىستىك ھازارەتتىن — بىرەر نەرسە ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەمما مەدەنىيەت ھازارەتتىن كېلىپ چىققان بولسا، يەنى جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەت ۋە ھەيكەللىرىگە ئوخشاش، ئۇ خاس مەدەنىيەت دەپ

ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئىسلام ھازىرقى ھېيكەللەرنى ياساش ۋە ساقلاشنى ھارام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىشنىمۇ ھارام قىلىدۇ. ھالبۇكى غەرب ھازارىتى ۋە كوممۇنىستىك ھازارەت جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ۋە ھېيكەل تىراشلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ. ئۇنى مەنئى قىلمايدۇ.

ئەمما مەدەنىيەت ئايروپىلان، كېمە، ۋە ئاپتوموبىللارغا ئوخشاش ترانسپورت ۋاسىتىلىرى، سانائەت ۋە دېھقانچىلىق ۋە ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرى ۋە زامانىۋى ھەربىي قوراللارغا ئوخشاش ئىلىم-پەن راۋاجلىنىشىدىن، سانائەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ھەمدە ئېلېكتىرون مېڭىلەر ۋە ھىلتەقلارغا ئوخشاش ئىلىم-پەن ۋە سانائەت تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بەشەرىيەتنىڭ ئەقلى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈۋاتقان ئىختىرا ۋە كەشپىياتلار بولسا، بۇلار ئالەم شۇمۇل مەدەنىيەت شەكىللىرى بولۇپ، پۈتۈن ئالەم ئورتاقلىقىدۇر. بۇ شەكىللەر بىرەر ھازارەتكە ياكى بىرەر ئۇممەتكە ھەمدە بىرەر دىنغا خاس بولماي، پۈتۈن بەشەرىيەت ئۈچۈن ئومۇمىيدۇر. چۈنكى ئۇشبۇ مەدەنىيەت شەكىللىرى ھازارەتكىمۇ، ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرىگىمۇ ئالاقىسى يوق.

شۇڭا ئۇلارنى ئېلىش جائىزدۇر، چۈنكى، ئۇشبۇ شەكىللەر ئىسلام ئەھكاملىرىغا زىت ئەمەس، بەلكى كۆپايە قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇلارنى ئېلىش ۋاجىپتۇر.

## ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامى ھەققىدە ھۆكۈملەر

ئىسلامي سەلتەنەت.

ئىسلام- ئىسلامي سەلتەنەتنى ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش دەپ بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا مەرھەمەت قىلىدۇ:



فاحكم بينهم بما انزل الله ولا تتبع اهواءهم عما جاءك من الحق

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىنچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن». (5:48)

وان احكم بينهم بما انزل الله ولا تتبع اهواءهم واحذرهم ان يفتنوك عن بعض ما انزل الله اليك

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ئازدۇرۇشىدىن ساقلانغىن». (5:49)

شۇنىڭغا بىنائەن ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەن، يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلىدىغان سەلتەنەت شەرئى-ئىسلامي ھاكىمىيەت ياكى ئىسلامي-شەرئىي سەلتەنەتتۇر.

## ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ شەكلى.

ئىسلام باشقۇرۇش نىزامىنىڭ شەكلىنى خەلىپىلىك نىزامى دەپ بەلگىلىگەن ۋە ئۇشبۇ نىزامنى، ئىسلامي دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش نىزامى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئىمامى مۇسلىم ئەبۇ ھازىمدىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بەش يىل بىرگە بولدۇم ۋە ئۇنىڭدىن ئۇشبۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بەنۇ ئىسرائىلنى پەيغەمبەرلەر باشقۇراتتى، بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا، ئارقىدىن يەنە بىر پەيغەمبەر كېلەتتى. مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. كېلەچەكتە خەلىپىلەر بولۇپ، ئۇلار كۆپىيىدۇ». بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىسلامنىڭ باشقۇرۇش نىزامى خەلىپىلىك نىزامى

بولۇشقا ئۇچۇق دەلىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە ھەدىسلەر باركى، ئۇلاردا پەقەت ئاممەت، يەنى خىلافەت - ئىسلامدا باشقۇرۇش نىزامى قىلىنغانلىقى كەلگەن بولۇپ، بۇلارمۇ يۇقىرىدىكى ھەدىسنى كۈچلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: «مەندىن كېيىن ئىماملار باشلىق بولىدۇ»، «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا» ۋە باشقا ھەدىسلەر ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ پەقەت خەلىپىلىك نىزامى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

## خەلىپىنى تىكلەش تەرىقىتى.

ئىسلام خەلىپىنى تىكلەش تەرىقىتى قىلىپ بەيئەتنى بەلگىلىدى. نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا ئۆمەر شۇنداق دېدى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىمكى بوينىدا بەيئەت بولمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلۈپتۇ»». ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا خۇشاللىقتىمۇ، خاپىلىقتىمۇ قۇلاق سېلىش ۋە ئىتائەت قىلىشقا، باشلىقلار بىلەن باشلىقلىقنى تالاشماسلىققا، قايەردە بولمايلى ھەقىقەتنى ئېيتىشقا، الله يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت بەردۇق». يەنە بىر ھەدىستە: «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا (يەنى بىر خەلىپە ئۈستىگە يەنە باشقا بىرسى خەلىپە بولۇۋالسا)، كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار»، دېيىلگەن. ئۇشبۇ ھەدىسلەر ھەمدە ساھابىلارنىڭ ئىجمائى خەلىپە تىكلەش تەرىقىتى بەيئەت ئىكەنلىكىگە ئۇچۇق دەلىلدۇر.

دېمەك، خەلىپىلىك نىزامى ئاساسىدا بەرپا بولغان ۋە خەلىپە بەيئەت يولى بىلەن تىكلەنگەن ھەمدە الله نازىل قىلغان كىتاب ۋە سۈننەتكە ئاساسەن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنەت ئىسلامىي-شەرئىي ھاكىمىيەت ۋە ئىسلامىي-شەرئىي سەلتەنەتتۇر.



مۇسۇلمانلار تىكلىگەن ۋە رازىلىق بىلەن بەيئەت بەرگەن ھەرقانداق خەلىپە شەرئىي خەلىپە دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

شۇنىڭغا بىنائەن پادىشاھلىق نىزامى ئىسلامىي نىزام ئەمەس. ئىسلام دىنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قارار قىلمايدۇ (ئېتىراپ قىلمايدۇ) ئەنگلىيە ۋە ئىسپانىيەدە مەۋجۇت بولغىنىدەك. پادىشاھنىڭ دۆلەتكە سىمۋول بولۇپ باشقۇرۇشنى (ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى) بىراق ھۆكۈم چىقارماسلىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، خەلىپە سىمۋول ئەمەس، بەلكى ئۈممەتكە ۋاكالىتەن اللەنىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزگۈچى ۋە شەرىئەتنى ئىجرا قىلغۇچىدۇر ياكى سەئۇدىيە ۋە ئىئوردانىيەدە بولغىنىدەك خوجايىنلىق ھەم قىلىدىغان، ھۆكۈم ھەم يۈرگۈزىدىغان پادىشاھلىق بولسىمۇ ئىسلام ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، پادىشاھلىق مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغاندەك خەلىپىلىك مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدۇ. بەلكى خەلىپىنى مۇسۇلمانلار تاللاپ، ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىدۇ. مىراس قالدۇرۇش نىزامى ئىسلامدا بولۇشى جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك، خەلىپىدە باشقا مۇسۇلمانلاردا بولغان ھوقۇقتىن باشقا ھوقۇق يوق. خەلىپە پادىشاھلارغا ئوخشاش مۇھاسىبە قىلىنمايدىغان، قانۇندىن تاشقىرىدىكى شەخس ئەمەس، بەلكى ئۇمۇ اللەنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنىدىغان ۋە قىلغان ھەر بىر تەسەررۇپىدا مۇھاسىبە قىلىنىدىغان شەخستۇر.

شۇنىڭدەك، جۇمھۇرىيەت نىزامىمۇ ئىسلامىي نىزام ئەمەس. مەيلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكىدەك زۇڭتۇڭلۇق باشقۇرۇش ياكى غەربىي گېرمانىيەدىكىدەك پارلامېنت باشقۇرۇش شەكلىدە بولسۇن ئىسلام ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، جۇمھۇرىيەت نىزامى ھەر ئىككىلى شەكىلدە دېموكراتىيە نىزامىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇ خەلققە خوجايىنلىق ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ھالبۇكى خەلىپىلىك نىزامى ئىسلام نىزامىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئىسلامدا خوجايىنلىق شەرىئەتنىڭكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپىنى ئۈممەت

تاللاش ۋە مۇھاسىبە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ ئۇنى خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. خەلىپىنى خەلىپىلىكتىن قالدۇرىدىغان نەرسە شەرىئەت ھۆكۈملىرىدۇر. يەنى خەلىپە قالدۇرۇلۇشنى تەقەززا قىلىدىغان دەرىجىدە شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلسا، خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇلىدۇ. خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇلۇشنى تەقەززا قىلىدىغان دەرىجىدە شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان مەھكىمە «مەھكىمەتۇل مەزالىم»دۇر. پەقەت شۇ مەھكىمە خەلىپىنى قالدۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

–يا ايها الذين امنوا اطيعوا الله واطيعوا الرسول
واولي الامر منكم فان تنازعتم في شيء فردوه الي الله
والرسول ان كنتم تؤمنون بالله واليوم الاخر

–«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا بويسۇنۇڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ھەم ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئىگىلىرىگە بويسۇنۇڭلار، بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى ئاللاھقا (يەنى كىتابقا) ۋە پەيغەمبەرگە (يەنى سۈننەتكە) قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار». (٤:٥٩)

يەنى بەھسى، مۇنازىرىلىك ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ھۆكمىنى كەسىملەشتۈرىدىغان مەھكىمە مەھكىمەتۇل مەزالىمدۇر. ھالبۇكى، جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىنى خەلق قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. چۈنكى، جۇمھۇرىيەت نىزامىدا خەلق خوجايىن ۋە سەلتەنەت ئىگىسىدۇر.

خەلىپىلىك مۇئەييەن مۇددەتكىچە بەلگىلەنمىگەن، بەلكى ئۇ ئىسلامنى تەدبىق قىلىشقا چەكلەنگەندۇر، ئەگەر خەلىپە ئىسلامنى تەدبىق قىلماسا- خەلىپە بولغىنىغا بىر ئاي بولغان بولسىمۇ - خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇلىدۇ. ھالبۇكى جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى مۇئەييەن مۇددەتكە سايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى پارلامېنت باشقۇرۇش شەكلىدىكى جۇمھۇرىيەت نىزامىدا پرېزىدېنت



بىلەن بىرگە باش ۋەزىرمۇ بولىدۇ. ئۇشبۇ پرېزىدېنت باشقۇرۇش شەكلىدە پرېزىدېنت ھۆكۈمەت يۈرگۈزەلمەيدىغان قورچاق شەخس بولىدۇ. ھەقىقىي ھاكىم باش ۋەزىر بولىدۇ. ئەمما خەلىپە بىۋاستە ھاكىمىيەت ۋە ئىجرائىيەتنى باشقۇرىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان ۋەزىرلىرى بولمايدىغان ھاكىمى مۇتلەقتۇر.

ئەمما زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىدە بولسا، جۇمھۇرىيەت رەئىسى بىۋاستە ھاكىمىيەتنى باشقۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋەزىرلەر بولىدۇ. زۇڭتۇڭلا ھۆكۈمەت رەھبىرى مەقامىغا ئىگە ھېساپلىنىدۇ، بۇ بولسا خەلىپىلىك نىزامىغا زىتتۇر، چۈنكى، خەلىپە ھاكىمىيەتنى بىۋاستە باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بولسا ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى بولۇپ، خەلىپە ئۇلاردىن كۆمەك ئالىدۇ. ئۇلاردا دېموكراتىك رېسپۇبلىكا تۈزۈمىدىكى ۋەزىرلەردە بولغان سالاھىيەتلەر يوق. خەلىپە مۇئاۋىنلىرى ئۈستىدىن رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئىجرا ھەيئىتىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە ئەمەس دۆلەت رەھبىرى سۈپىتىدە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بىلەن خەلىپىلىك نىزامى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئىسلامىي دۆلەتنى ئىسلامىي رېسپۇبلىكا ھەمدە ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامىنى جۇمھۇرىيەت نىزامى دەپ ئاتاش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ھەمدە ئىسلام بىلەن رېسپۇبلىكا نىزامى ئارىسىدا تۈپتىن پەرق بارلىقىدىن كېلىپ چىقىپ ئىسلامنى رېسپۇبلىكا تۈزۈمى دېيىشمۇ قەتئىي جائىز ئەمەس.

## خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ يەككىلىكى.

خەلىپىلىك نىزامى بولغان ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامى پۈتۈن بىرلا دۆلەت ئۈچۈن بولغان يەككە نىزامدۇر. ئىتتىپاق نىزام ئەمەس.

دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەقەت بىرلا ئىسلامىي دۆلەت بولۇش ۋە ئۇلارغا اللە نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى، يەنى ئىسلامىي-شەرىئەتنى ئىجرا قىلىدىغان بىرلا خەلىپە بولۇشى شەرت. چۈنكى شەرئى دەلىل ئەينەن شۇ نەرسىنى ئېلىپ كەلدى ۋە بۇنىڭدىن باشقىسىنى ھارام قىلدى. ئەمرى ئىبن ئاسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۇشبۇ سۆزلەرنى ئېشىتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ؛ «كىمكى ئىمامغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى ۋە قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەرسە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر باشقىسى كېلىپ بىرىنچى خەلىپە بىلەن خەلىپىلىكنى تالاشسا كېيىنكى خەلىپىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار». ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۇشبۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ؛ «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا، كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار». ئەرپەجەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ؛ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېشىتكەن ئىدىم: «كىمكى سىلەرگە باشلىق بولسا، سىلەرنى ئىتائەتسىزلىككە چاقىرسا ياكى جامائەتلىرىڭلارنى بۆلۈپ تاشلىماقچى بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار».

ئۇشبۇ ھەدىستىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇسۇلمانلارغا بىردىن ئارتۇق خەلىپە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر باشقا بىر شەخس كېلىپ خەلىپە بىلەن خەلىپىلىكنى تالاشسا، كېيىنكىنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى خەلىپە بولۇپ قالىدۇ، ئىككىنچىسى - ئەگەر خەلىپىلىكتىن ۋاز كەچمىسە - ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەگەر بىرەر شەخس دۆلەتنى پارچىلاش ئۈچۈن ياكى ئۆزىنى خەلىپە قىلماقچى بولۇپ خەلىپە بىلەن خەلىپىلىكنى تالاشسا ئۇنى قەتل قىلىش ۋاجىپ. شۇنىڭدەك، ھەدىسلەردىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت بىرلا دۆلىتى بولۇشى ھەمدە ئىسلامىي دۆلەت بىر نەچچە دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدىن تەشكىل تاپقان ئەمەس، بەلكى يەككە بىرلا.



دۆلەت بولۇشى ۋاجىپدۇر.

## ئىسلامدىكى باشقۇرۇش ئاساسلىرى

ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامى تۆت ئاساس ئۈستىگە بەرپا بولىدۇ:

1. سىيادەت (يەنى خوجايىنلىق) ئۈممەتنىڭ ئەمەس، شەرىئەتنىڭكىدۇر.

مۇسۇلماننىڭ ۋە ئۈممەتنىڭ خاھىش ئىرادىسىنى باشقۇرغۇچى مۇسۇلماننىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، ئىسلامىي ئۈممەتمۇ ئەمەس. بەلكى مۇسۇلمان شەخس ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خاھىش-ئىرادىسى پەقەت اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسقۇنلىرى ئاساسىدا باشقۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا اللە تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتى دەلىل بولىدۇ:

فلا وربك لا يؤمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم

—«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ». (4:66)

وما كان لمؤمن ولا مؤمنة اذا قضي الله ورسوله امرا ان يكون لهم الخيرة من امرهم

—«اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ». (33:36)

يا ايها الذين امنوا اطيعوا الله واطيعوا الرسول واولي الامر منكم فان تنازعتم في شيء فردوه الي الله والرسول ان كنتم تؤمنون بالله واليوم الاخر

—«ئى مۆمىنلەر! اللەغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر

سىلەر اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار». (4:59)

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسە (شەرىئەت)گە خاھىش-ئىستىكى تەۋە بولمىغىچە سىلەردىن ھېچكىم مۆئمىن بولالمايدۇ» دېدى. بۇلار سىيادەت (خوجايىنلىق) اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئىكەنلىكى ۋە ئۈممەتنىڭ ئەمەسلىكىگە ئوچۇق دەلىللەردۇر.

2. سەلتەنەت ئۈممەتنىڭكى.

سەلتەنەت، يەنى باشقۇرۇش ئۈممەتنىڭكى ئىكەنلىكى خەلىپە ئۈممەت تەرىپىدىن بەيئەت يولى بىلەن تىكلىنىشى تەرىقىتى شارىئ بەلگىلىگەن تەرىقەت ئىكەنلىكىدىن ھەمدە خەلىپە سەلتەنەتنى مانا شۇ بەيئەت بىلەن ئېلىپ، ئۈممەتتىن نائىب بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشىدىن ئىبارەت كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇ. خەلىپە سەلتەنەتنى ئۇشبۇ بەيئەت ئارقىلىق ئېلىشى سەلتەنەت ئۈممەتنىڭكى ئىكەنلىكىگە، ئۈممەت ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىشكە يارقىن دەلىلدۇر. شۇنىڭدەك، بىر نەچچە ھەدىسلەر ئۈممەتنىڭ ئەمىر تەيىنلىشى، تىكلىشى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىشىنى ئىپادىلەپ كەلگەن: ئابدۇللاھ ئىبن ئەمرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «سەھرادا بولغان ئۈچ كىشى ئارىلىرىدىن بىرىنى ئەمىر قىلىپ ئالمىسا ھالال بولمايدۇ». بۇ ھەدىس ئەمىر تەيىنلەش ئۈممەتنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. يۇقىرىدا بەيئەت ئۈممەت تەرىپىدىن بېرىلىشىنى زىكرى قىلغان ھەدىسلەر كەلتۈرۈلدى.

3. ئىسلام بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە نائىب بولىدىغان بىرلا خەلىپىنى تىكلەش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

يۇقىرىدا خەلىپە تىكلەشنى ۋە ئۇ بىرلا بولۇشى ۋاجىپلىقىنى زىكرى قىلغان ھەدىسلەر ئۆتتى. بۇنىڭغا ساھابىلارنىڭ ئىجماسىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

4. دۆلەتكە تەدبىق قىلىنىدىغان شەرئىي ئەھكاملارنى تەبەننى قىلىش يالغۇز خەلىپىنىڭ ھوقۇقىدۇر. خەلىپە دىستۇر ۋە باشقا قانۇنلارنى قانۇنى كۈچكە



ئىگە قىلىدۇ. شەرئىي ئەھكاملارنى تەبەننى قىلىش يالغۇز خەلىپىنىڭ ھوقۇقى ئىكەنلىكىگە ساھابىلار ئىجما قىلىشقان. ساھابىلارنىڭ بۇ ئىجماسىدىن مەشھۇر قائىدىلەر ئېلىنغان: «ئىمامنىڭ بۇيرۇقى ئىختىلاپنى بىر تەرەپ قىلىدۇ»، «سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى نۇپۇزلۇقتۇر»، «مۇئامىلىلار قانچە پەيدا بولسا، شۇنچىلىك ھۆكۈملەرنى چىقىرىش سۇلتاننىڭ ھوقۇقىدۇر».

ئىسلامىي دۆلەتنىڭ جىھازى

دۆلەت جىھازى تۆۋەندىكى ئەركانلار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ:

1. خەلىپە
2. تەپۋىز مۇئاۋىنى
3. تەنپىز مۇئاۋىنى (ئىجرائىي مۇئاۋىن)
4. جىھاد ئەمىرى
5. ۋالىيلار
6. قازىلار
7. دۆلەت مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىدارى جىھاز
8. ئۈممەت مەجلىسى
9. قوشۇن

دۆلەتنىڭ بۇ ئەركانلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان پىئىللىرىدىن ئېلىنغان. ھەقىقەتتە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۆلەت جىھازىنى بەرپا قىلغان ۋە ئۆزى دۆلەت رەئىسى بولغاندۇر. مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرى ئۈچۈن خەلىپە تىكلەشكە بۇيرۇغاندۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۆزى ئۈچۈن مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلىگەندۇر. ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «يەر ئاھالىسى ئىچىدە مېنىڭ ئىككى ۋەزىرىم ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەردۇر». ۋەزىر سۆزى ئەرەب لۇغىتىدە مۇئاۋىن مەنىسىدە كەلگەن. ئۇ غەرب دېموكراتىيىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى ۋەزىر – مىنىستىر مەنىسىدە ئەمەس.

شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ۋە جىھاد ئۈچۈن ئەمىرلەرنى بەلگىلىگەن، رايونلارغا ۋالىيلارنى بەلگىلىگەن، ئەتتاب ئىبن ئۇسەيدنى پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندۇر. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەر ئارىسىدىكى ماجىرا ۋە مۇئامىلىلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قازىلارنى تەيىنلىگەندۇر. يەمەنگە ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپنى قازى قىلىپ تەيىنلىگەندۇر. راشىد ئىبن ئابدۇللاھنى قازىلىق ۋە مەزالىم ئىشلىرىغا ئەمىر قىلىپ ئەۋەتكەندۇر. ئىدارىي جەھاز. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەنپەئەتلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كاتىپلارنى تەيىنلىگەن. ئۇلار بۆلۈم باشلىقلىرى مەقامىدا بولغان. مۇئەيقىب ئىبن ئەبۇ پاتىمەنى ئولجىلارغا، ھۇزەيفە ئىبن يەماننى ھىجاز مېۋىلىرىنىڭ تەخمىنەن ھېسابىنى ئېلىشقا تەيىنلىگەن. ئۈممەت مەجلىسى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن دائىمىي مەجلىس بولمىغان. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خالىغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنى توپلاپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپ تۇراتتى، مەسىلەن، ئۇھۇد جېڭى ئالدىدا ۋە باشقا بىر نەچچە ئورۇنلاردا مۇسۇلمانلارنى توپلاپ، مەسلىھەت سورىغان. بەزى پەيتلەردە، مۇئەييەن شەخسلەرنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. بۇ مەسلىھەتچىلەر قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ئىدى، ئۇلار ھەمزە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، جەئفەر، ئەلى، ئىبن مەسئۇد، سەلمان، ئەممار، ھۇزەيفە، ئەبۇ زەر، مىقداد، سەئدى ئىبن ئۇبادە، سەئدى ئىبن مۇئاز ئىدى. بۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسلىھەتلىشىدىغان مەجلىس ئەئلى مەقامىدا بولغان. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قوشۇن بەرپا قىلغان ۋە ئۆزى ئەمەلدىكى قوماندان بولغان. بەزى جەڭلەرگە لەشكەر بېشى تەيىنلىگەن.

## سىياسىي ھىزبلەر

ھاكىملارنى مۇھاسىبە قىلىش ئۈچۈن ھەمدە ئۈممەت ئارقىلىق



uygurkitap.com

ھاكىمىيەتكە يېتىپ بېرىش مەقسىتىدە سىياسىي ھىزبلەرنى تەشكىل قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ شەرئىي ھوقۇقلىرىدىندۇر. شۇ شەرت بىلەنكى، ئۇشبۇ ھىزبنىڭ ئاساسى ئىسلامىي ئەقىدە بولىشى، تەبەننى قىلغان ئەھكاملىرى ۋە مۇئالىجىلىرىمۇ شەرئىي ئەھكاملار ۋە شەرئىي مۇئالىجىلەر بولىشى كېرەك. ھىزب تەشكىل قىلىش رۇخسەتكە مۇھتاج ئەمەس. ھىزبنىڭ سانى كۆپ بولىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتى دالالەت قىلىدۇ:

ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويأمرون بالمعروف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون

–«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر». (3:104)

## ھاكىملارنى مۇھاسىبە قىلىش

الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ھاكىملارغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلدى ۋە ئۇلارنى قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھەمدە تەسەررۇپاتلىرىدىن مۇھاسىبە قىلىشنى مۇسۇلمانلارغا قەتئىي بۇيرۇدى. ئەگەر ھاكىملار ئۈممەتنىڭ ھوقۇقىنى پايمال قىلسا ياكى خەلق ئالدىدىكى بۇرۇچلىرىنى ئادا قىلىشتا سۇسلۇق قىلسا ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمنى بۇزۇشسا ياكى الله نازىل قىلمىغان ھۆكۈمنى قىلىشسا ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە قەتئىي بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئەڭ ئۇلۇغ جىھاد زالىم سۇلتان ئالدىدا ئېيتىلغان ھەق سۆزدۇر». يەنە دېدى: «شەھىدلەرنىڭ سەييىدى ھەمزە ۋە زالىم ئىمام قارشىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان ۋە ئىمام تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن كىشىدۇر».

ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىگە ئىتائەت قىلىش - ئەگەر ئۇ ئاسىيلىققا بۇيرۇمىسا - پەرزدۇر.

الله نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان ھاكىم، ئەگەر ئاسىيلىققا بۇيرۇمىسا ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە ئوچۇق كۇفرى كۆرۈنمىسە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. الله تائالا ئېيتىدۇ:

يا ايها الذين امنوا اطيعوا الله واطيعوا الرسول واولي الامر منكم

«ئى مۆمىنلەر! اللهغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». (4:59)

دېمەك، الله نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان مۇسۇلمان ھاكىمغا ئىتائەت قىلىش شەرت، ئەگەر بىرەر ھاكىم ئاسىيلىققا بۇيرۇسا، ئاشۇ ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئەگەر ئاسىيلىققا بۇيرۇلمىسا، ياخشى كۆرگەن ئىشىدىمۇ، يامان كۆرگەن ئىشىدىمۇ قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئاسىيلىققا بۇيرۇلسا قۇلاقمۇ سالمايدۇ، ئىتائەتمۇ ھەم قىلمايدۇ».

ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان ھاكىمغا قارشى چىقىش ھارامدۇر. پەقەت ئوچۇق كۇفرى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزسە ئۇنىڭغا قارشى چىقىلىدۇ.

ئىسلام ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان ھاكىمغا - گەرچە زۇلۇم قىلسىمۇ - قارشى چىقىشنى ھارام قىلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ھاكىمنىڭ زۇلمىدىن مۇھاسىبە قىلىنىدۇ. زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى جامائەتتىن چىقسا ئۇ بويىنىدىن ئىسلام بېغى (ئەھدى)نى - تا قىيامەتكىچە - ئېلىپ تاشلىغان بولىدۇ». ھەدىسلەردە ھاكىملار گەرچە زۇلۇم قىلسىمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن قايتۇرۇش ئوچۇق كەلگەن. پەقەت بىرلا ھالەتتىلا، يەنى ئوچۇق كۇفرى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەندىلا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا كۇفرى ئىكەنلىكىگە قەتئى دەلىلغا



ئىگە بولغاندىلا ئۇلارغا قارشى چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «كېلەچەكتە ئەمىرلەر بولىدۇ. سىلەر ئۇلارنى مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن توسىسىلەر. كىمكى مەئرۇپقا بۇيرۇسا پاك بولىدۇ، كىمكى مۇنكەردىن قايتۇرسا سالامەت قالىدۇ، لېكىن كىمكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا رازى بولۇپ، ئەگىشىپ كەتسە......». شۇ ۋاقىتتا ساھابىلار سورىدى: «ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمايمىزمۇ؟». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ياق، مادامىكى ناماز ئوقۇسىلا». ھەدىستىكى ناماز ئوقۇش، ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتىن كىنايەدۇر. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئەۋپ ئىبن مالىكنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلمايمىزمۇ؟» دېگەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ياق، مادامىكى ئۇلار ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلىدىكەن». ئۇبادە ئىبن سامىت رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا باشلىقلار بىلەن باشلىقلىقنى تالاشماسلىققا بەيئەت بەردۇق. لېكىن ئوچۇق كۇفرىنى كۆرسەڭلار ۋە بۇ ھەقتە الله تەرىپىدىن ھۆججەت بولسا (شۇندىلا تالاشساڭلار بولىدۇ)».

## ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي نىزام ھۆكۈملىرى

ھىزب «ئىسلامدا ئىقتىسادىي نىزام» كىتابىدا ئۆزىنىڭ مۇقەددىمە كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭدا كاپىتالىستىك ئىقتىساد نىزامىنىڭ ھەمدە سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىقتىساد نىزامىنىڭ ئىقتىسادىي پىكىرلىرىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي نىزام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە تامامەن زىتلىقىنى بايان قىلدى.

تۆۋەندە ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي نىزامنىڭ بەزى پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى كەلتۈرۈلىدۇ:

ئىسلامدىكى ئىقتىساد سىياسىتى

ئىسلامدىكى ئىقتىساد سىياسىتى ھەر بىر شەخسكە بارلىق ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاپ، ئالىي دەرىجىدە قاندۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ھەمدە ئۇنى مۇئەييەن ئىسلامىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى، ھاياتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولى بارلىقى ئېتىبارىدىن ئىككىلەمچى ئېھتىياجلىرىنى ھەم قولىدىن كېلىشىچە قاندۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىمكان يارىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن شەرئىي ئەھكاملار ھەر بىر شەخسكە ئوزۇق-تەمىنات، تۇرالغۇ جاي ۋە كىيىم-كېچەكلەردىن ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تەلتۆكۈس قاندۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ يولى — ئەمگەككە قادىر شەخسنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى ۋە بېقىشى كېرەك بولغان قارامىقىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. ئاتا پەرزەنتلىرىگە نەپىقە بېرىشى بەلگىلىنىدۇ. مىراسخور ئەگەر ئەمگەك قىلىشقا قادىر بولمىسا، نەپىقە بەلگىلىنىدۇ. ياكى نەپىقە بېرىشى ۋاجىپ بولغانلار تېپىلمىسا بەيتۇلمال تەرىپىدىن نەپىقە بېرىلىشى بەلگىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ھەر بىر شەخسكە ئىنساننىڭ قاندۇرۇلۇشى زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## ئىسلام نەزىرىدىكى ئىقتىسادىي مۇئامىلا

ئىسلام نەزىرىدە ئىقتىسادىي مۇئامىلا مال ۋە مەنپەئەتلەرنى خەلقنىڭ ھەر بىرىگە بۆلۈپ بېرىش، باشقىچە ئېيتقاندا ئىقتىسادىي مۇئامىلا پايلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەقسىملەشتۇر.

## مالنىڭ مۈلۈك بولۇشىدىكى ئاساس

مال ئەسلىدە يالغۇز الله تائالانىڭكىدۇر. الله تائالا ئىنساننى مالدا ئورۇنباسار قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مالغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى ئالدى. الله شەخسكە مۈلۈك توپلاشقا رۇخسەت بەردى ۋە بۇ مەخسۇس



www.uyghurkitap.com

رۇخسەتلىكى سەۋەبىدىن مال ئەمەلدە ئۇنىڭ مۈلكىگە ئايلاندى. الله تائالانىڭ:

وآتوهم من مال الله الذي آتاكم

«سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا بېرىڭلار» (24:33)

دېگەن سۆزىدە مالنىڭ نىسبىتى اللەغا بېرىلگەن.

وأنفقوا مما جعلكم مستخلفين فيه

«الله سىلەرنى ئىگە قىلغان (يەنى ئورۇن باسار قىلغان) ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار». (57:7)

دېگەن سۆزى ئىنسانىيەت الله تائالا تەرىپىدىن مالدا ئورۇنباسار ئىكەنلىكى ۋە الله ئىنساننى ئورۇنباسار قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

## مۈلۈك تۈرلىرى

مۈلۈك ئۈچ خىل بولىدۇ: شەخسىي مۈلۈك، ئاممىۋى مۈلۈك ۋە دۆلەت مۈلكى.

بىرىنچىسى — شەخسىي مۈلۈك:

شەخسىي مۈلۈك ئەينى مالدىن ئىستىمال قىلىش، مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسان پايدىلىنىشى ئۈچۈن شارىئنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئىزنىدۇر. ئىسلام ئىنساننىڭ مۈلۈككە ئىگە بولۇشنى شەرئىي ھوقۇق قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان چارۋا، پۇل، ئاپتوموبىل ۋە كىيىم-كېچەككە ئوخشاش كۆچمە مۈلۈككە ۋە يەر، ئولتۇراق-جاي، كارخانىغا ئوخشاش كۆچمەس مۈلۈككە ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. شەرىئەت شەخسكە ئىگە بولغان مۈلكىنى ئۆزى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. لېكىن شەرىئەت ئىنسان مۈلۈككە ئىگە بولىشى ۋە ئۇنى كۆپەيتىشى زۆرۈر بولغان سەۋەبلەرنىمۇ ۋە بۇ مۈلۈكنى قانداق

تەمەررۇپ قىلىشنىمۇ بەلگىلەپ بەردى.

## ئىگە بولۇش سەۋەپلىرى

شارىئ ئىنسان مۈلۈككە ئىگە بولىشى مۇمكىن بولغان ۋە مۈلۈكنى كۆپەيتىدىغان سەۋەپلەرنى بەلگىلەپ بەردى.

مۈلۈككە ئىگە بولۇش سەۋەپلىرىدىن بىرى تۈرلۈك ئەمگەكلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئالدىدا ئەمگەك قىلىش كىرىدۇ. تۈلۈك يەرلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئوۋ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقىرىش، دەللاللىق، ۋاستىچىلىك، مۇزارىبە ۋە شېرىك بولۇپ دېھقانچىلىق قىلىشلارمۇ مۈلۈككە ئىگە بولۇش سەۋەبى بولغان ئەمگەك تۈرلىرىگە كىرىدۇ.

شۇنىڭدەك، شارىئ مىراسنى، ياشاش ئۈچۈن مالغا بولغان ئېھتىياجنى، دۆلەت ئۆز ماللىرىدىن خەلققە بېرىشنى ھەمدە، شەخس ھېچقانداق مال ياكى ئەمگەك سەرپ قىلماستىن ئىگە بولىدىغان سوغات، ھەدىيە، ۋەسىيەتلەر، مۇكاپات، خۇنغا بېرىلگەن مال، تويلاق ۋە ئۇچراتقان نەرسىگە ئوخشاش ماللارنىمۇ مۈلۈككە ئىگە بولۇش سەۋەپلىرىدىن قىلدى.

شارىئ دېھقانچىلىق، سودىگەرلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكنىمۇ مالنى كۆپەيتىش ۋە تېپىش سەۋەپلىرىدىن قىلدى. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانغا مال كۆپەيتىش ۋە تېپىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىنىشى مەنئى قىلىنغان يوللارنىمۇ بەلگىلەپ بەردى. مالنى كۆپەيتىش ۋە تېپىش مەنئى قىلىنغان يوللار تۆۋەندىكىلەر:

## كاپىتالىستىك ئەھدىنامىسىدىكى شىركەتلىرى

ھەمسەدارلىق شىركەتلىرى ئىسلام ھارام قىلغان ۋە رۇخسەت بەرمەيدىغان شىركەتلەردۇر. چۈنكى بۇ شىركەتلەردىكى توختام شەرئى ئۇسلۇبتا كەلگەن توختام ۋە ئۇنىڭ توغرا بولۇش شەرتلىرىگە تولۇق جاۋاپ



بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھەمسەدارلىق شىركەتلىرى توختامدا ئەھدىنىڭ ئاساسى بولغان ئەھدىنى تەكلىپ قىلىش ۋە ئەھدىنى قوبۇل قىلىش مەۋجۇد ئەمەس. ئۇ پەقەت بىرلا تەرەپ، يەنى پاي ئىگىسى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى شەخس شىركەت شەرتلىرىگە ئىمزا قويۇشى ۋە شىركەت پاي چېكىنى سېتىپ ئېلىشى بىلەنلا شېرىك بولۇپ قالىدۇ. بۇنى كاپىتالىستلاردا بىر تەرەپلىمە ئىرادە دېيىلىدۇ. ھەمسەدارلىق شىركەتلىرىدە توختام تۈزگۈچى ئىككى تەرەپ ئەمەس، بەلكى بىرلا باشقۇرغۇچى بولىدۇ، ۋە تەكلىپ قىلىش - قوبۇل قىلىشمۇ بولمايدۇ، بەلكى تەكلىپ قىلىش بولىدۇ خالاس. ئۇلاردا مال ۋە بەدەن ئەمەس، بەلكى پەقەت مال بولىدۇ.

شەرئى شىركەت بولسا ئىككى توختام تۈزگۈچىنىڭ تەكلىپ قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ سودا، ئىجارە ۋە باشقا توختاملارغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئىككى بەدەن ياكى مال ۋە بەدەن ئوتتۇرىسىدا بولىشى كېرەك. بەدەن بولماستىن پەقەت ماللار ئوتتۇرىسىدا بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىستىك ھەمسەدارلىق شىركەتلىرى - ئەھدىلىشىدىغان ئاساسلاردىن بىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن - توختام تۈزۈلگەن دەپ ھېساپلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار باتىل ۋە ھارامدۇر. ئۇلار شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن الله مەنئى قىلغان ئىش دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ، ئۇلاردا الله تائالا بۇيرۇغان شېرىكلىك (شىركەت توختىمى شەرتلىرىنى تەرك قىلىش الله تائالا توسقان ئىشقا قول ئۇرۇش، يەنى بۇيرۇققا قارشى چىقىش باردۇر.

الله تائالا ئېيتىدۇ:

فليحذر الذين يخالفون عن امره ان تصيبهم فتنة او يصيبهم عذاب اليم

«پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر)

پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن». (24:63)

شۇنىڭدەك، شارىئ جازانىخورلۇق، مەككارلىق، قىمار ئويناش، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق، سودىدا ئوپ ئوچۇق ئالداش، ھاراق ياكى چوشقا مەھسۇلاتلىرىنى ياكى ئۇلاقسا سودىسى، خاچ ياكى پىچى يىل ئارچىسى سودىسى، ئوغرىلىق، بىلدۇرمەي ئېلىپ قويۇش ياكى بارغا ئوخشاش يوللار ئارقىلىق ماللارغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇنى كۆپەيتىشنى مەنئى قىلدى.

## ئىككىنچىسى - ئاممىۋى مۈلۈك:

مۈلۈك تۈرلىرىدىن ئىككىنچىسى ئاممىۋى مۈلۈكتۇر. ئاممىۋى مۈلۈك شارىئ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۈلۈك قىلىپ بەرگەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇشتەرەك قىلغان، ھەر بىر شەخس ئۈچۈن پايدىلىنىشنى مۇباھ قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى شەخسىي مۈلۈك قىلىۋېلىشتىن مەنئى قىلغان نەرسىلەردۇر.

بۇ تۈرلەر ئاساسەن ئۈچ تۈردە گەۋدىلىنىدۇ:

1- جامائەتنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋە ئۇنىسىز ياشاش مۇمكىن بولمىغان، مەسىلەن سۇغا ئوخشاش، جامائەت پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئادەملەر ئۈچ نەرسىدە ئۆز-ئارا شېرىكتۇر: سۇ، ئوت-چۆپ ۋە ئوتتا». بۇيرۇق بۇ ئۈچ نەرسىگە چەكلەنمەيدۇ، بەلكى جامائەتنىڭ ئېھتىياجىغا تېگىشلىك بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈرگە ئۇشبۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بارلىق ئۈسكۈنىلەرمۇ كىرىدۇ، چۈنكى بۇلارمۇ مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ ۋە ئومۇمىي مۈلۈك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئاممىۋى مۈلۈك بولغان سۇلارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر، سۇ تىندۇرۇش ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى، سىم



تاناپ تۈرۈكلىرى، سىملىرى ۋە ھەكازا.

2- تۈزۈلۈش تەبىئىتى شەخسنىڭ ئىگىلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدىغان نەرسىلەر، مەسىلەن، دەريالار، كۆللەر، ئومۇمىي مەيدانلار، مەسجىدلەر ۋە ئاممىۋى يوللار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «مىنا ئالدىن كەلگەنلەر چۈشىدىغان ئورۇندۇر».

بۇ تۈردىكى ئاممىۋى مۈلۈكلەرگە پويىزلار، سىم تاناپلار تۈرۈكلىرى، سۇ تورۇبىلىرى ۋە بېتون ئېرىقلارغا ئوخشاش. يول ئومۇمىي مۈلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرمۇ ئومۇمىي مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈك شەخس ئۆزىنىڭكى قىلىۋېلىشى ياكى ئەتراپىنى توسۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقا ھېچكىم ئۈچۈن ئالاھىدە قوغدىلىدىغان يەر (يەنى ئەتراپى توسۇۋېلىنغان يەر) يوقتۇر». توسۇۋېلىنىدىغان يەر دۆلەتتىن باشقىلار ئۈچۈن بولۇشى جائىز ئەمەس.

3- زور-چوڭ تىپتىكى تۈرلۈك قېزىلما بايلىقلار.

بۇلارغا ناھايىتى كۆپ ۋە مىقدارى ئېنىقلانمىغان قېزىلما بايلىقلار كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. بىرەر شەخس ياكى شىركەت ئۇلارغا ئىگىلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئۇلارنى قېزىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىشتا بىرلا ھاكىم بۆلۈپ ئېلىشتىمۇ بىرەر شەخس ياكى شىركەتكە ئىمتىياز بېرىلمەيدۇ. بۇ قېزىلما بايلىقلار بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىي مۈلۈك بولۇپ قېلىشى لازىم. ئۇلارنى دۆلەت مۇسۇلمانلاردىن نائىب سۈپىتىدە ئۆزى قېزىپ ئالىدۇ ياكى ئىشچىلارنى ياللايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن چىققان پايدىلارنى بەيتۇلمالغا قويىدۇ. بۇلار تۇز ۋە سۈرمىگە ئوخشاش ئوچۇق قېزىلما بايلىقلار بولامدۇ ياكى ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، ئۇران، نېفىت ۋە باشقىلارغا

ئوخشاش قېزىپ ئېلىش مۇشەققەت ۋە زور خىراجەت تەلەپ قىلىدىغان قېزىلما بايلىقلار بولامدۇ پەرقى يوق. بۇنىڭغا دەلىل ئەبيەز ئىبىن ھەممال رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر: «ئەبيەز رەسۇلۇللاھتىن مەئرىبتىكى تۇزلۇق يەرنى بۆلۈپ بېرىشنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەبيەزگە ئۇنى بەردى. ئەبيەز كەتكەندىن كېيىن، ھەي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نېمىسىنى بۆلۈپ بەرگەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟ سىز ئېقىن سۇنى بۆلۈپ بەردىڭىز»، دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەبيەزدىن ئۇ يەرنى قايتۇرۇۋالدى».

ئەمما ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاتارلىقلاردا ئوخشاش مىقدارى مەلۇم بولغان ئاز مىقداردىكى قېزىلما بايلىقلىرى بولسا شەخسى مۈلۈك بولىدۇ. بىلال ئىبىن ھارىسىل مۇزەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ھىجازدىكى پەرئى ناھىيەسىنىڭ قەبىلىسىگە تەۋەلىك كاننى سورىغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۈلۈك قىلىپ بەرگەن.

## ئۇمۇمى مۈلۈكتىن پايدىلىنىش كەيپىيتى

ئۇمۇمى مۈلۈك بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇشتەرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر شەخس ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر بۇ مۈلۈك ئوت، ئوتۇن، سۇ، ئاممىۋى يوللار، دەريالار ۋە كۆللەرگە ئوخشاش ئىنسان ئۆزى بىۋاستە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر بولسا شەخس ئۆزى پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇمۇمى مۈلۈك نېفىت ۋە مەدەنلەرگە ئوخشاش ئىنسان بىۋاستە پايدىلىنىشى قىيىن نەرسىلەر بولسا، دۆلەت ئۇلارنى قېزىپ ئالىدۇ ۋە پايدىسىنى بەيتۇلمالغا قويىدۇ. خەلىفە ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى يولىغا سەرپ قىلىدۇ. بۇ مۈلۈكلەردىن ئېلىپ چىقىلغان مەھسۇلاتلارنى ۋە چۈشكەن پايدىلارنى تەقسىم قىلىشتا خەلىفە تۆۋەندىكىچە يول تۇتۇشى مۇمكىن:

1. ئۇمۇمى مۈلۈكنى باشقۇرۇش، قېزىش ئىشىغا ئالاقىدار بولغان



ئامىللارغا، يەنى ئىشچىلار، مەسلىھەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئوخشاشلارغا زاۋۇت كارخانىلارغا سەرپلەيدۇ.

2. بۇ ئۇمۇمى مۈلۈكلەرنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا سەرپلەيدۇ، يەنى خەلىفە سۇ، گاز ۋە ئېلېكتىر كۈچىگە ئوخشاشلارنى پۇلسىز خەلققە تارقىتىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ پايدىسىدىن ئېلىنغان پۇلنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك دەپ ھېساپلىغىنىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

3. خەلىفە ئۇمۇمى مۈلۈكتىن (بىر قىسمىنى) جىھادقا ۋە جىھاد قىلىش ئۈچۈن، تەقەززا قىلىنىۋاتقان قورال-ئەسلىھە كارخانىلىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن، قوشۇن تەشكىل قىلىش ئۈچۈن ۋە مال بار بولغان ياكى يوق بولغان ھاللاردا بەيتۇلمال سەرپ قىلىشى ۋاجىپ بولغان سەرپلەر ئۈچۈن بەيتۇلمالدا مال يوق بولۇپ قالغاندا مۇسۇلمانلار سەرپ قىلىشى ۋاجىپ بولۇپ قالىدىغان سەرپلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ.

## ئۈچىنچىسى دۆلەت مۈلكى:

مۈلۈكنىڭ ئۈچىنچى تۈرى دۆلەت مۈلكىدۇر. ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغان يەر، بىنالارغا ئوخشاش نەرسىلەردۇر. دۆلەت مۈلكى ئۇمۇمى مۈلۈككە كىرمەيدۇ. دۆلەت مۈلكى يەر، بىنا ۋە كۆچمە نەرسىلەرگە ئوخشاش شەخسى مۈلكى بولۇشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەردۇر. لېكىن ئۇشبۇ نەرسىلەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى باشقۇرۇش خەلىفىگە، يەنى دۆلەتكە يۈكلەنگەن. چۈنكى بارلىق مۇسۇلمانلار ھەققىگە ئالاقىدار بولغان مۈلۈكنى باشقۇرۇش خەلىفە، يەنى دۆلەتنىڭ سالاھىيىتىدۇر. مەسىلەن، چۆللەر، تاغلار، دەريا قىرغاقلىرى، شەخسلەرنىڭ مۈلكى ھېساپلانمىغان ئۆلۈك يەرلەر، دۆلەت سېتىۋالغان ياكى تەئمىرلىگەن بىنالار ھەمدە جەمدە

دۈشمەنلەردىن ئولجا قىلىپ ئېلىنغان دۆلەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بىنالىرى، مەكتەپلەر، شىپاخانىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

دۆلەت ئۆز مۈلۈكلىرىدىن بولغان يەر ۋە بىناغا ئوخشاشلارنى شەخسلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلىپە دۆلەت مۈلكىدىن شەخسلەرگە بۇنداق مۈلۈكنىڭ ئۆزىنىمۇ ياكى ئۆزىنى ئەمەس، پەقەت پايدىسىنى مۈلۈك قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك شەخسلەرگە ئۆلۈك يەرلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە مۈلۈك قىلىپ ئېلىشقا رۇخسەت بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇلاردا خەلىپە مۇسۇلمانلارغا قايسىسى پايدىلىق بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ئىش يۈرگۈزىدۇ.

## يەرلەر

يەرلەرنىڭ ئۆزى ۋە پايدىسى مۈلۈك بولىدۇ. يەرنىڭ ئۆزى دېگەندە ئۇنىڭ ئەسلى (يەنى قۇرۇق يەر) چۈشىنىلىدۇ. پايدىسى دېگەندە بولسا دېھقانچىلىق ۋە باشقا مەقسەتلەردە ئىشلىتىشكە ئېيتىلىدۇ. ئىسلام يەرنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇشنىمۇ، پايدىسىغا ئىگە بولۇشنىمۇ مۇباھ قىلغان ۋە ھەر ئىككىلى ھالەتتە ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغان.

يەر تۈرلىرى

يەرلەر ئىككى تۈرگە: ئۆشرى ۋە خىراجىي يەرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ يەرلىرى ئۆشرى يەرلەردۇر. شۇنىڭدەك، ھىندونېزىيىگە ئوخشاش ئاھالىسى ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان يەرلەر ۋە ئىنسان تىرىلدۈرگەن ئۆلۈك يەرلەرمۇ ئۆشرى يەرلەرگە كىرىدۇ.

ئۆشرى يەرلەرنىڭ ئۆزى ۋە پايدىسىغا ئىگىلىك قىلىنىدۇ، بۇنداق يەردىن زاكات ئېلىنىدۇ، ئەگەر يەر يامغۇر سۈيىدىن سۇغۇرۇلىدىغان بولسا، زاكاتنىڭ مىقدارى مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرى. ئەگەر ئۈسكۈنىلەر ياردىمىدە سۇغۇرۇلغان بولسا (يەنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىنىدىغان بولسا)



www.uyghurkitap.com

ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ.

2) خىراجىي يەرلەر. ئۇرۇشتا پەتھى قىلىنىپ، كۈچ بىلەن ئېلىنغان ياكى سۈلھى بىلەن ئېلىنغان يەرلەر خىراجىي يەر بولىدۇ. مەسىلەن، كۈچ بىلەن پەتھى قىلىنغان ئىراق، مىسىر، شام ۋە باشقا مەملىكەتلەرنىڭ يەرلىرى. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ يەرلىرى بولسا خىراجىي يەرلەرگە كىرمەيدۇ.

خىراجىي يەرلەرنىڭ ئۆزى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىدۇر. دۆلەت بۇ يەرلەرگە ئىگىلىك قىلىشتا مۇسۇلمانلاردىن نائىبتۇر، شەخسلەر بولسا بۇ يەرلەردىن پەقەت پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

خىراجىي يەرلەردىن خىراج بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. خىراج مىقدارىنى دۆلەت يەرگە بەلگىلەيدۇ. ئۇ يەردىن خىراج بېرىلگەندىن كېيىن قالغان ھوسۇل نىساپقا يەتسە، ئۇنىڭغا زاكات بېرىش ۋاجىب بولىدۇ.

ھەر بىر شەخس باشقا مال-مۈلۈككە ئوخشاش ئۆشرى يەرلەردىن ئۇلارنى سېتىپ، سوغات قىلىپ ۋە خىراجىي يەرلەرنىڭ پايدىسىدىن سېتىپ، سېتىپ ئېلىپ، مىراس قىلىپ پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

## كارخانىلار

كارخانىلار شەخسنىڭ مۈلكى بولۇشى مۇمكىن. ئاپتوموبىل سازلىق ياكى ئۆي جاھازلىرى ياكى تىككۈچىلىك ياكى كونسېرۋا تەييارلاش كارخانىلىرى ۋە باشقا شەخسى مۈلۈك بولۇشى مۇمكىن بولغان كارخانىلارغا ئوخشاش.

كارخانىلار دۆلەت مۈلكى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا قورال ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ياكى مەدەنلەر قېزىپ ئېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كارخانىلار كىرىدۇ. ئومۇمى مۈلۈككە قاراشلىق مەدەنلەرنى ئىشلەپ چىققۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئومۇمى مۈلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، تۆمۈر ئىشلەپچىقارغۇچى ھەمدە نېفىت قېزىپ ئالغۇچى

كارخانىلار.

بۇنداق كارخانىلار ۋە كارخانا ئىگە ئىشلەپ چىقارسا ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ» دېگەن قائىدىگە بىنائەن چىقىرىۋاتقان ماددىسىدىن كېلىپ چىقىپ قايسى مۈلۈككە كىرىشى بەلگىلىنىدۇ.

## بەيتۇلمال

بەيتۇلمالنىڭ كىرىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. ئولجىلار، غەنىمەتلەر، فەيئى ۋە خۇمس.
2. خىراج.
3. جىزيە.
4. ئومۇمى مۈلۈكنىڭ بارلىق تۈرلىرى كىرىملىرى. بۇلار ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇلىدۇ.
5. يەر، بىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دۆلەت مۈلكى كىرىملىرى.
6. دۆلەت چېگرالىرىدا ئېلىنىدىغان ئۆشرىلەر.
7. دەفىنە ۋە مەدەنلەرنىڭ بەشتىن بىرى،
8. سېلىقلار.
9. زاكات ماللىرى. زاكات ماللىرى بەيتۇلمالدا ئالاھىدە قويۇلىدۇ.

## پۇل - ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولۇشىنىڭ ۋاجىپلىقى

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىن بېرى ئۆز پۇللىرى ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولۇشنى قوللانغان. بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەر ئىككىلىسىنى ئىشلەتكەن. ئۇلار ۋىزانتىيە دىنارىنى ۋە كىسرا دىرھىمىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پۇل سۈپىتىدە مۇئامىلىدە قوللانغان.



رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ زامانىغا قەدەر پۇل سوقۇپ ياسىمىغان. خەلىفە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۆز دەۋرىدە مەخسۇس ئىسلامىي پۇل ئىشلەپ چىقىپ، ئۇنى مۇئەييەن شەكىل ۋە ئۇسلۇپتا قىلدى. ئىسلامغا خاس نەقىشلەر بىلەن بېزىدى ھەمدە ئۇنى شەرئى ۋەزنىدىكى دىنار ۋە دىرھەم ۋەزنىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىرلىكىدە بەلگىلىدى.

ئىسلام ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئالتۇن ۋە كۈمۈش دېگەن ئېتىبار بىلەن پۇل، نەرسىلەر ئۈچۈن نەرق ھەمدە ئەمگەك ئۈچۈن ھەق دېگەن ئېتىبارىدا شەرئى ھۆكۈملەر چىقاردى. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى خەزىنە قىلىپ، توپلاشنى ھارام قىلدى. ئۇلارنى مۇئەييەن ئۆزگەرمەس ۋە سابىت ھۆكۈملەردە قەيد قىلىپ، ئىككىسىنى سودىدىكى نەرق ياكى مۇئامىلىدىكى پۇل دېگەن ئېتىبارىدا ئۇلارغا زاكاتنى پەرز قىلدى. ئالتۇن دىنار ئۆلچىمى، كۈمۈش دىرھەم ئۆلچىمى مۇئەييەن نىساپنى بەلگىلىدى. ئىسلام تاۋان تۆلەش (خۇن ھەققى)نى پەرز قىلغىنىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن تۆلەيدىغان قىلدى ۋە مۇئەييەن مىقدارىدا - ئالتۇندىن بولسا مىڭ دىنار، كۈمۈشتىن بولسا ئون ئىككى مىڭ دىرھەم مىقدارىدا بەلگىلىدى. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش جازاسىنى ۋاجىپ قىلغاندا ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدىغان مىقدار قىلىپ بەلگىلىدى. ئوغرىلىقتا قولنى كېسىش جازاسىنى ۋاجىپ قىلغاندا ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدىغان مىقدار قىلىپ (يەنى ئوغرىلانغان نەرسە قولنى كېسىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان قىممەتنى قىلىپ) ئالتۇندىن بولسا دىنارنىڭ تۆتتىن بىرى، كۈمۈشتىن بولسا ئۈچ دىرھەمنى بەلگىلىدى (يەنى ئەڭ كېمى شۇنچىلىك قىممەتتىكى نەرسە ئوغرىلانسا ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ). پۇل مۇئامىلىلىرىدىكى سەرپ ھۆكۈملىرىنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە قىلدى.

ئىسلامنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى پۇل، سودا مۇئامىلىسى ئۈچۈن ۋاسىتە ۋە ئېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ نەرقلىرىنىڭ سۈپىتىدە شەرئى

ھۆكۈملەر بىلەن قىيىد قىلىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەستىقلىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاۋار نەرقى ۋە ئەمگەك ھەققى ئۆلچىنىدىغان قىيىلىسى پۇل بىرلىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە بولۇشىنى تەستىقلىدى.

بۇ تەستىق ئىسلامدا پۇل-ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولۇشىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى پۇلغا ئالاقىدار بولغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە باغلانغاندۇر.

شۇنىڭغا قارىغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ۋە ئۇ زاتتىن كېيىنكى خەلىپىلەر دەۋرىدە بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ پۇلى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولۇشى، خەلىپىلىك دۆلىتى پۇلنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئاساسىدا جارى قىلىشى ۋاجىپ. دىنار ۋە دىرھەملەرنى مۇئەييەن شەكىلدە بولۇشى، خەلىپىلىك دۆلىتىگە خاس ئۇسلۇبتا سوقۇپ چىقىرىلىشى لازىم. بىر دىنارنىڭ ئېغىرلىقى شەرئى دىنار ۋەزنىدە 4.25 گىرام ۋە بىر دىرھەمنىڭ ئېغىرلىقى شەرئى دىرھەم ۋەزنىدە 2,975 گىرام بولۇشى كېرەك.

پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىگە بارسىلا بارلىق پۇل مۇئامىلىرىغا ۋە پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مالىيە كىرزىسىنى ھەل قىلىپ، پۇل بەرقارارلىقىنى ئورنىتىشقا، باھانى مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەمدە خەلقئارا تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا قادىردۇر. ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇل ياردىمىدە دۆلەتلەرئارا ۋىلايىتىدا، دۆلەتلەرئارا تىجارەت ۋە ئىقتىسادتا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پارچىلاپ تاشلاش مۇمكىن بولىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇل بىرلىكىگە قايتىلسا، دوللارنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھېچقانداق قىممىتى ۋە تەسىرى قالمايدۇ.

## تەلىم سىياسىتى

تەلىم پوروگراممىسى بەرپا بولىدىغان ئاساس ئىسلامى ئەقىدە بولۇشى لازىم. دەرس ماددىلىرى ۋە يوللىرى ئۇشبۇ ئاساستىن چەتنەپ كېتىش ھالىتىنى پەيدا قىلمايدىغان قىلىپ ئىشلەپ چىقىلىدۇ.

تەلىم سىياسىتى ئىسلامى ئەقلىيە ۋە ئىسلامى نەفسىيەنى پەيدا قىلىشتۇر. دەرس بېرىش ئۈچۈن مۆلچەرلەنگەن دەرس ماددىلىرىنىڭ ھەممىسى مانا شۇ سىياسەت ئاساسىدا تۈزىلىدۇ.

تەلىمدىن كۆزلەنگەن مەقسەت ئىسلامى نەفسىيەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتۇر ۋە ئادەملەرنىڭ ھايات ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىلىملەر بىلەن تەييارلاشتىن ئىبارەت. شۇنىڭغا قارىغاندا تەلىمنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا ئىسلامى ساقلىيەت ئورنىتىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

## ئۇمۇمى ئالاقىلار ۋە تاشقى سىياسەت ھەققىدىكى پىكىر ۋە ھۆكۈملەر

سىياسەت دۆلەتنىڭ ۋە ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن باشقۇرۇشتۇر. دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىچكى سىياسەت ئادەملەرگە تۈزۈمنى تەدبىق قىلىش ۋە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. تاشقى سىياسەتتە بولسا دۆلەتلەرئارا ئورۇن ۋە چوڭ دۆلەتلەر سىياسىتى ۋە تەسىر ئورۇنلىرىنى بىلىشتىن ھەمدە دۆلەتلەر بىلەن قىلىنىدىغان تاشقى ئالاقىلارنى دەۋەت ۋە جىھاد يولى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىش تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر ئاساسىغا بەرپا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۈممەت ۋە ئۈممەت ئىچىدىكى مەۋجۇت ھىزبلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسەت بولسا، ھاكىمنىڭ ئۈممەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى، قىلغان تەسەررۇپلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى مۇھاسىبە قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتىن ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت.

## ئىسلام دىيارى ۋە كۇفرى دىيارى

ئىسلام دىيارى ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلىۋاتقان ۋە - ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى غەيرى مۇسۇلمانلار بولسىمۇ - خەۋپسىزلىكىنى ئىسلام تەمىنلەيدىغان دىياردۇر.

كۇفرى دىيارى ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا كۇفرى ھۆكۈملىرى تەدبىق قىلىنىۋاتقان ۋە - ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپسىمۇ - خەۋپسىزلىكىنى كۇفرى تەمىنلەيدىغان دىياردۇر. دىيار ئىسلام دىيارى ياكى كۇفرى دىيارى بولۇشىدا ئۇ يەرگە تەدبىق قىلىنىۋاتقان ھۆكۈملەر ھەمدە خەۋپسىزلىكنى تەمىنلىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئاھالىسىنىڭ دىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار يېشاۋاتقان يۇرتلاردا ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە ھايات مەيدانىدا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلىۋاتقان بىرەرمۇ يۇرت ياكى دۆلەتمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ يۇرتلار - ئاھالىسى مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت بولسىمۇ - كۇفرى دىيارى دەپ ھېساپلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆز دىيارىنى كۇفرى دىياردىن ئىسلام دىيارىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. بۇ بولسا خەلىپىلىك دۆلىتى بولغان ئىسلامىي دۆلەتنى بەرپا قىلىش ۋە خەلىپىنى تىكلەپ، ئۇنىڭغا الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە، يەنى خەلىپىلىك دۆلىتى بەرپا بولغان يۇرتلاردا خەلىپىگە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلىشقا ئاساسەن بەيئەت بېرىش، كېيىن خەلىپىلىك دۆلىتى بىلەن بىرگە قالغان ئىسلامىي يۇرتلارنى ئىسلامىي دىيارغا قوشۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىيارىمۇ ئىسلام دىيارىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئىسلامنى پۈتۈن ئالەمگە دەۋەت ۋە جىھاد يولى بىلەن ئېلىپ چىقىدۇ.



## جىھاد

جىھاد اللەنىڭ يولىدا ئۇنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ۋە ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش ئۈچۈن بىۋاستە ياكى مالىيە ياردەم بىلەن ياكى پىكىر بىلەن ياكى جەڭچىلەر سانىنى كۆپەيتىش ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ جەڭ قىلىشتۇر. دېمەك، اللەنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ۋە ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن بولغان جەڭ جىھادتۇر. جىھاد پەرز ئەمەللەردىندۇر. ئۇنىڭ پەرزلىكى قۇرئان ۋە سۈننەتتە سابىتتۇر. ئونلاپ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئۇنىڭ پەرزلىكىگە دەلىللەر كەلگەن.

جىھاد ئاۋۋالدا پەرزى كىپايەدۇر. ئەگەر دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا پەرز ئەيندۇر. ئۇنىڭ ئاۋۋالدا پەرزى كىپايە بولۇشىنىڭ مەنىسى - دۈشمەن بىزگە قارشى جەڭ باشلىمىسىمۇ، بىز ئۇلارغا قارشى جەڭ باشلىشىمىز پەرزلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر قىلمىسا ھەر ۋاقىتتا مۇسۇلمانلاردىن بىرەر ئادەم جىھاد باشلىمىسا، جىھاد قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا جىھاد مۇداپىئە جېڭى ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان جەڭ بولۇپ، ئىسلامنى يېيىش ۋە دۈشمەننى يەتكۈزۈش مەقسىتىدە جىھادنى باشلاش بىزگە پەرز بولىدۇ، گەرچە دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلمىسىمۇ.

## دۆلەتلەرئارا ئالاقىلار

ئىسلامىي دۆلەتنىڭ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىسى ئىسلام ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى ۋاجىپ. ئۇ تۆۋەندىكى شەكىلدە جارى بولىدۇ:

1. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئالىمىدىكى مەۋجۇت دۆلەتلەر بىرلا يۇرتتىكى دۆلەتتەك ئېتىبار قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار - باشقا ئادەملەردىن تاشقىرى - بىر پۈتۈن ئۈممەت بولۇپ، بىرلا دۆلەت يالغۇز ۋۇجۇدنى

تەشكىل قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىنى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئالاقىلىرى دائىرىسىدە، دەپ ئېتىبار قىلىنمايدۇ، بەلكى ئىچكى سىياسەتتىن دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۇلار بىلەن دىپلوماتىك ئالاقىلار باغلىنىپ، شەرتنامە تۈزۈلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ پارچىسىنى يالغۇز خەلىپىلىك دۆلىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىنى – ئەگەر دىيارى ئىسلام دىيارى بولسا – ئەجنەبىلەر دەپ ئېتىبار قىلىنمايدۇ، بەلكى خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. لېكىن يۇرتلىرى كۇففرى دىيارى بولسا، ئۇلار بىلەن كۇففرى دىيارنىڭ پەرقىگە نىسبەتەن قىلىنىدىغان مۇئامىلىدە بولىنىدۇ.

2. دۇنيانىڭ غەربىي ۋە شەرقىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكمەن كۇففرى دىيارى ۋە دارۇل ھەرب (ئىسلام دۆلىتى بىلەن ئۆز-ئارا ئۇرۇش ھالىتىدىكى يۇرتلار) دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن قوللىنىدىغان ئالاقە تاشقى سىياسەتتىن دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇ ئالاقىنى شەرئى ھۆكۈم ئاساسىدا جىھاد تەلىپىگە مۇۋاپىق ھەمدە مۇسۇلمانلار پايدىسىغا ۋە خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى تەقەززاسىغا مۇۋاپىق بەلگىلىنىدۇ.

3. بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئىسلام رۇخسەت بەرگەن – ياخشى قوشنىچىلىق ياكى تىجارەت ياكى ئىقتىسادىي ياكى ئىلمىي ياكى قىشلاق خوجىلىق ۋە باشقا شەرتنامىلەر تۈزۈسە بولىدۇ. شۇ ئاساستىكى بۇ شەرتنامىلەر مۇئەييەن مۇددەتكە تۈزۈلىشى ھەمدە جىھاد تەلىپىگە، مۇسۇلمانلار پايدىسى ۋە خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى تەقەززاسىغا مۇۋاپىق تۈزۈلۈشى لازىم.

بۇ دۆلەتلەر بىلەن شەرتنامىلەرنىڭ ھۆججەتلىرىگە مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي شەرتنامىلەر



كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇئەييەن نەرسىلەر، مەلۇم بىر مۇددەت ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇئەييەن سۈپەتلەردە بەلگىلەنگەن بولۇشى، شۇنىڭدەك، بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئېلىپ بارماسلىقى شەرت.

ئىسلام دۆلىتى بىلەن ئۆز-ئارا شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى خەلىپىلىك دۆلىتىگە كىملىك بىلەن كىرىشى مۇمكىن ۋە ئەگەر شەرتنامىلەردە قەيت قىلىنغان بولسا، ئۆز-ئارا بىر خىل مۇئامىلە قىلىش شەرتى بىلەن ۋىزىسىز كىرىشىگە رۇخسەت بېرىلىدۇ.

4. بىز بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق شەرتنامە ئىتتىپاق بولمىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەگە ئوخشاش مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ياكى مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىغا تەمە قىلغۇچى روسىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەر بىز بىلەن ھۆكمەن ئۇرۇش ھالىتىدىكى دۈشمەن دۆلەتلىرى، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن بارلىق ئېھتىيات چارىلىرى كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن دىپلوماتىك ئالاقىلار ئورنىتىلمايدۇ ۋە خەلىپىلىك دۆلىتىدە ئۇلارنىڭ ئەلچىخانىلىرى ئېچىلمايدۇ.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى خەلىپىلىك دۆلىتىگە خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن، ۋىزا ئارقىلىق ھەمدە ھەر بىر سەپەر ئۈچۈن ئالاھىدە رۇخسەت بىلەن كىرىدۇ.

5. ئىسرائىلغا ئوخشاش ھەقىقەتەن (ئەمەلدە) ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەتلەر. ئۇلار بىلەن بارلىق ھالەتلەردە ئۇرۇش ھالىتىنى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەھدىنامە بار-يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشىلىۋاتقان دۈشمەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق پۇقرالىرىنى ئىسلامىي يۇرتلارغا كىرىشتىن مەنئى قىلىنىپ، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ مېلى ۋە قېنى ھالال دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىق شەرتنامىلىرى ۋاقىتىنچە بولۇشى ۋە مۇئەييەن مۇددەتكە تۈزۈلۈشى لازىم ھەمدە دائىمىي

بولماسلىقى زۆرۈر. چۈنكى دائىمى تىنچلىق شەرتنامىسى جىهادنى توختىتىپ قويىدۇ. لېكىن ئۇشبۇ ئەمەلدە ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىسلامىي يەرلەردىن بىرەرسىنى بېسىۋالسا ـ ئىسرائىلىيە پەلەستىن يەرلىرىنى بېسىۋالغاندەك ـ يەرنىڭ بىر غېرىچىغا بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزۈش هارام هېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار باسقۇنچى ۋە تاجاۋۇزچىلاردۇر. ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزۈش ئىسلامىي يەردىن ۋاز كېچىش ۋە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن، ئىسلامىي يۇرت ئۈستىدىن هۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئىمكان بېرىش هېسابلىنىدۇ. بۇ بولسا شەرئەن مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى، ئۇلارغا زەربە بېرىپ، مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى ئۇلاردىن قۇتقۇزۇشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. الله تائالا ئېيتىدۇ:

ولن يجعل الله للكافرين علي المؤمنين سبيلا

—«الله كاپىرلارغا هەرگىز مۆئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ». (4:141)

فمن اعتدي عليكم فاعتدوا عليه بمثل ما اعتدي عليكم

—«بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار». (2:194)

6. خەلىپىلىك دۆلىتى باشقا دۆلەتلەر بىلەن هەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، مۇشتەرەك مۇداپىئە ئىتتىپاقى، ئىككى تەرەپلىمە تىنچلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش هەربىي تەدبىرلەر قۇرۇش ياكى هەربىي بازىلار، ئايرودروملار ۋە پورتلارنى ئۇلارغا ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش ئىتتىپاقلارنى ئىسلام مۇسۇلمانلارغا هارام قىلىدۇ. چۈنكى بۇ دۆلەتلەر كۇفرى دۆلەتلىرى بولۇپ، مۇسۇلمان كۇفرى بايرىقى ئاستىدا ياكى كۇفرى يولىدا ياكى كۇفرى دۆلىتى شان-شۆھرىتى يولىدا كۈرەشمىكى ياكى كاپىرلارغا



مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنىڭ ئىسلام يېرى ئۈستىدىن هۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئىمكان بېرىشى هارامدۇر.

7. كاپىر دۆلەتلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ياردەم سوراش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام مۇشرىكلەرنىڭ ئوتىدىن چوغ سوراشتىن قايتۇرۇپ: «مۇشرىكلارنىڭ ئوتىدىن چوغ ئالماڭلار»، دېدى. بۇ يەردە ئوت ئۇرۇشتىن كىنايىدۇر. يەنە مۇنداق دېدى: «بىز مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىمايمىز».

شۇنىڭدەك، بۇ دۆلەتلەردىن قەرزلەر ۋە ياردەملەر ئېلىشمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەرزى بېرىش پىرسەنت بىلەن بولىدۇ، بۇ بولسا جازانىخورلۇق بولۇپ، هارام قىلىنغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ قەرزلەر ۋە ياردەملەر مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ئۈستىدىن كاپىر دۆلەتلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ۋاسىتە بولىدۇ. بۇمۇ «هارامغا ۋاسىتە بولغان نەرسىمۇ هارامدۇر». قائىدىسىگە ئاساسەن هارامدۇر. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار ئۆز مەسىلىلىرىنى كاپىر دۆلەتلەر قولىغا هەل قىلىپ بېرىشلىرى ئۈچۈن تاپشۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، هەل قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۆز مەسىلىلىرىنى ئامېرىكا ياكى روسىيە ياكى ئەنگىلىيە ياكى فىرانسىيەنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. كاپىر دۆلەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن ياردەم سورىشىمىز بۇ دۆلەتلەردە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن نۇپۇز ۋە هۆكۈمرانلىقنى پەيدا قىلىدۇ. هالبۇكى الله بىزنى بۇنىڭدىن قايتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار ب د ت، خەلقئارا بانكا، خەلقئارا تەرەققىيات تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇنداق تەشكىلاتلار ئىسلام هۆكۈملىرىگە زىت ئاساسقا بەرپا بولۇپ، ئۇلار چوڭ دۆلەتلەر قولىدا قورال ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. خۇسۇسەن، ئامېرىكا بۇنداق تەشكىلاتلارنى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغان. مۇسۇلمانلار

ئۇستىدىن ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ئۈستىدىن كاپىرلارنىڭ نۇپۇزى كېڭىيىشىگە بىردىن-بىر ۋاستە مانا شۇ تەشكىلاتلاردۇر. بۇ بولسا شەرتەن مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىمۇ ھارامدۇر، شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار ئەرەپ دۆلەتلىرى بىرلىكى، ئىسلام كانفېرېنسىيەسى (قۇرۇلتىيى ھەيئىتى)، مۇشتەرەك مۇداپىئە ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئىقلىمى (رايونلۇق) ئىتتىپاقلارغا ئەزا بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇلار ئىسلامغا زىت ئاساستا بەرپا بولۇپ، مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىنى بۆلۈپ تاشلاشقا خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بىرلا دۆلەتكە بىرلىشىشلىرى ئالدىدا توسۇق بولۇپ تۇرىدۇ.

ھىجرىيە 1405-يىلى 20-شابان
مىلادىيە 1985-يىلى 9-ماي